
تۇرسۇن لېتىپ

# ھاۋارەڭ كۆڭلەك



12

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ



5
47.7
28

ISBN 7-228-08306-7
（民文）定价：7.50元

ISBN 7-228-08306-7
9 787228 083060 >

15
I247.7
28

تۇرسۇن لېتىپ

# هاۋارەڭ كۆڭلەك

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

天蓝色的衬衣/吐尔逊·利提甫 著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.10

ISBN 7-228-08306-7

Ⅰ. 天… Ⅱ. 吐… Ⅲ. 短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 082929 号

责任编辑:买买提明·西帕
责任校对:艾加尔古丽·吐尔逊
封面设计:艾克拜尔·萨力

天蓝色的衬衣 （维吾尔文）

（短篇小说集）

吐尔逊·利提甫 著

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆海伯特科技有限公司印刷中心印刷
787×1092 毫米 32 开本 4.812 印张 2 插页
2003 年 10 月第 1 次印刷 2003 年 10 月第 1 版
印数：1 — 3000

---

ISBN 7-228-08306-7 定价:7.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەجەرگۇل تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ھاۋا رەڭ كۆڭلەك

(ھېكايىلەر)

تۇرسۇن لېتىپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەيبوتې پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى
باسما مەركىزىدە بېسىلدى
فورماتى: 1092×787، 1/32 مىللىمېتىر
باسما تاۋىقى: 4.812   قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—08306—7
باھاسى 7.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ھاۋارەڭ كۆڭلەك ........ 1
بايرام كېچىسى ........ 29
قايماقچى ........ 33
نورۇز ئېشى ........ 49
يەڭگەم ........ 54
ئۆلمەس ناخشىچى ........ 58
قىزىل كۆز ........ 68
گۈلجاھان ........ 79
سادىرنىڭ يىلتىزى ........ 90
مېنىڭ قوشنام ........ 96
مۇھەررىر بىلەن ئوقۇغۇچى ........ 104
جۈپ گۈزەل ........ 113

# ھاۋا رەڭ كۆڭلەك

قايسى بىر قىز چىرايلىق كىيىمنى ئارزۇ قىلمايدۇ، تاغلىق يېزىدا تۇپا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن مېھرايىمۇ شۇنداق قىزلاردىن ئىدى. مېھرايىنىڭ ھاۋا رەڭ كۆڭلەك كىيىپ، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقسام دېگەن ئارزۇسى شېرىن چۈشكە ئايلاندى. ئۇ ئۇخلىسىلا فورمىلىق ھاۋا رەڭ كۆڭلەك كىيىپ چۈشەيتتى. بۇ كۆڭلەكنى كىيگەندە زىلۋا بېلى بىر غېرىچچىلىك، كۆكرىكى ئالمىچىلىك كۆرۈنەتتى. قوي كۆزلىرىدىن نۇر ياغاتتى. لېكىن، ئۇ بېغىدىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىققا يۈز يۇغىلى چىققاندىلا، سۇنىڭ شولىسىدا ئۆزىنى كالپۇكلىرى گەز باغلىغان، ئاناردەك مەڭزى قارىدىغان، قوللىرىنى كەس - كەس قاداق باسقان، سۇمبۇل چاچلىرى پاخپايغان ھالدا كۆرەتتى - دە، ئېرىق بويىدىن تېزلا كېتەتتى.

نامراتلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى، ئۇ بۇ ئازابنى چاي قاينىتىپ ئولتۇرۇپ، تاتلىق خىياللار بىلەن سەگىتەتتى. ئۇ خىيالىدا كەنت يىگىتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئوڭىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلاردىن بىرى، يەنى گۇڭشې ياشلار كادىرى يارى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە يارى يىگىتلەرنىڭ سەردارىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ چېچەن، شوخ، گەپدان - دە. شۇ كۈنلەردە ئۇ ياشلارغا باش

بولۇپ مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇۋاتاتتى. مېھراي يارىنىڭ ئۆ-
زىگە قارىماي يۈرگىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ
يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قولۇم يەتمەيدىغان ئېگىز
ئوقۇرغا ئېسىلىپ نېمە قىلاي، دەپ ئۈمىدسىزلەندى، لې-
كىن يەنە ياق، ئۈستۈمدە ئۆڭۈپ كەتكەن كۆڭلەك، يۈز-
كۆزۈم توپا، چاچلىرىم تاراقسىز تۇرسا ماڭا قارايتتىمۇ؟
ئەگەر مېنىڭ ئۈستۈمدە يېڭى بىر ھاۋا رەڭ كۆڭلەك بول-
غان بولسا قارىمىغىنىنى كۆرەي، دېگەن ئىرادىگە كەلدى.

ئۇ كۆڭلەككە ئېرىشىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى. ئويلا-
ئويلا قوشنىسىنىڭ شەھەرگە كاۋا ئەكىرىپ ئوغرىلىقچە
دانىسىنى يىگىرمە بەش سومدىن ساتقىنىنى ئېسىگە كەل-
تۈردى. ئۇ بېغىغا چىقتى. ئۆز زامانىسىدا دادىسى مەڭگەن
باسقان تام تۆۋى راسا ئاپتاپ چۈشىدىغان يەر بولۇپ، كونا
مەڭگەن قالدۇقلىرى چىرىپ، تەييار ئوغۇت بولۇپ قالغا-
نىدى. ئۇ يەرنى يۇمشاق ئاغدۇردى، قوشنىسىدىن نەچچە
تال كاۋا ئۇرۇقى ئېلىپ چىقىپ تېرىدى. مېھراي ھەر
كۈنى سەھەردە ئېرىقتا يۈز يۇيغىلى چىققاندا بوي تارتىۋاتقان
كاۋا پىلەكلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.

ئۇ بۈگۈن تورغاي چۈچىلىغاندا بېغىغا چىقتى، ئالما
شاخلىرى سىلكىنگەندەك بولدى، ئۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى،
بىر بۇلبۇلنىڭ شاخقا كېلىپ قونغانلىقىنى كۆردى. بۇل-
بۇل گۈل ئىشقىدا بەرخ ئۇرۇپ سايرىغىلى تۇردى. مېھ-
راي بىردەم تىڭشاپ تۇردى، «مېنىڭمۇ بۇلبۇلۇم بولسىچۇ
كاشكى، كۈندە ئىشىكىم ئالدىدىن سايراپ ئۆتەر ئىدى،
ئاھ خۇدا! — دېدى ئۆز ئۆزىگە، — گۈڭشېنىڭ تۈگى-
مەس ئېغىر ئىشلىرىغا، يوقسۇزلۇقىقا چىدىغان يەردە چىدا

www.uyghurkitap.com

مېھرى، كاۋىلىرىنىڭ پىشقاندا مۇرادىڭغا يېتىسەن» دەپ ئۆزىگە غەيرەت بەردى. كاۋا ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوپۇل ـ توپۇل يۈز ـ قولىنى يۇدى ـ دە، كاۋا تېرىغان يەرگە كەلدى. تامغا ياماشقان قويۇق يېلەكلەر ئارىسىدا مانتاكاۋا، تاشكاۋا، تورپان كاۋىلىرى كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى.

كۈزلۈكى مېھراينى خۇشال قىلىپ ئەللىك ئالتە كاۋا پىشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇخۇم سېرىقىدەك كەس ـ كەس يېرىلىپ پىشقان ئون ئىككى مانتا كاۋىسى بار ئىدى. مېھراي تاش كاۋا، تورپان كاۋىلىرىنى تونۇرغا كۆمۈپ، قازاندا پىشۇرۇپ يېسەك بەك تاتلىق بولىدۇ، مانتا كاۋىسىغا گۆش بولمىسا بولمايدۇ، گۆش بولمىغاندىن كېيىن مۇشۇلارنى ساتاي، دېگەن يەرگە كەلدى. بىراق، بۇ كاۋىلارنى شەھەرگە قانداق ئەكىرىپ سېتىشنى بىلەلمىدى. بىر كۈنى ئەترەت ھارۋىكىشى ئوغۇزخاننىڭ شەھەرگە غەللە ـ پاراق تۆككىلى كىرىدىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

«ئۆكۈز» دېگەن لەقىمى بار بۇ يىگىتنى مېھراي ياراتمايتتى. ئۇنىڭ قىزىققۇدەك بىر يېرىمۇ يوق ئىدى، پەقەت بېشىنى كۆتۈرمەي ئۆكۈزدەك ئىشلەشنىلا بىلەتتى، نە ناخشا ئېيتىش، نە ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيتتى. قىزلارغا چاقچاق قىلىش تۇگۇل سورىغان سوئالغا تۈزۈكرەك جاۋابمۇ بېرەلمەيتتى. كېيىملىرى يىرتىق، يۈز ـ كۆزى كىردىن قاسماقلىشىپ كەتكەن ھالدا يۈرەتتى. ئۇنىڭغا تەڭتۇشلىرى «مۆرىمەس ئۆكۈز» دەپ جايىدا لەقەم قويغان. مانا شۇ مۆرىمەس ئۆكۈز بىر جۇپ جېرەن ئات قوشۇلغان ھارۋىنى ھەيدەپ خامانغا كەلدى. مېھراي ئايالالار بىلەن تاغارلارغا بۇغداي قاچىلاپ بولۇپ ئاغزىنى تىكىۋاتاتتى. ئو-

غۇزخان قىزلارغا يەر تېگىدىن بىر قارىۋالدى ـ دە:

— مۇشۇ بۇغدايلارنى باسىمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى مېھراي ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىدى، — ئوغۇزخان، بىر ئىشىم بار ئىدى، قىلىپ بېرەرسەنمۇ؟

— جې... جېنىم بى... لەن، — دېدى ئوغۇزخان.

— ئەمىسىچۇ قارا، كاۋىلىرىمنى شەھەردە سېتىپ، بىر كۆڭلەك ئالغاچ چىقساڭ، بولارمۇ؟

ئوغۇزخان مېھرايغا ئاچ كۆزلەرچە بىر قارىدى ـ دە:

— ماقۇل، — دېدى.

— بۇنى سىر ساقلا، دۇيجاڭ بىلىپ قالمىسۇن ـ ھە!

ئوغۇزخان ئۆكۈزدەك پۇشۇلداپ، تىكلەكلىك تۇرغان بىر تاغار بۇغداينى لىككىدە كۆتۈرۈپلا ھارۋىغا باستى. ئۇنىڭ يۈز كىلوگراملىق تاغارنى كۆچىمەيلا ھارۋىغا باسقىنىنى كۆرگەن مېھراي «پاھ ـ پاھ، بۇ كاساپەت نېمانچە كۈچلۈك ـ ھە!» دەپ ئويلاپ قالدى. ئوغۇزخان كاۋىلارنى تاغارغا قاچىلاۋاتقاندا، مېھراي ئوچاققا ئوت ياقتى ۋە:

— چاي ئىچىپ ماڭغىن، — دېدى.

ئوغۇزخان كاۋىلارنى ھارۋىغا بېسىپ، تۆپىسىنى بېدە بىلەن باستۇرۇپ بولۇپ، قولىنى يۇغاندا مېھراي ئۇنىڭغا لۆڭگىنى ئەكېلىپ بەردى. ئوغۇزخاننىڭ كۆزلىرى كۈلدى، مېھراي بۇ كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە ئوتلۇق تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ شەلپەردەك قىزاردى، ئۇ چاي ئىچىۋاتقان ئوغۇزخانغا قايتا ـ قايتا جېكىدى:

— ئوغۇزخان ھاۋا رەڭدىن ئال جۇمۇ. مانا بۇ خەتنى دۇكانچىغا بەرگىن، بۇنىڭدا كۆڭلەكنىڭ ئۆلچىمى، پاسو-نى، رەڭگى يېزىلغان.

ئوغۇزخان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىگىپ قوي-دى.

× × ×

ئىشتىن تارقىغان ھامان مېھراي ئۆيىگە قويۇندەك ماڭدى، ئۇ ئوغۇزخان كۆڭلەكنى ئالالىغانمىدۇ؟ دېگەن خىيال بىلەن ئۆيگە كەلدى. ئوغۇزخاننىڭ ھارۋىسى قورا ئالدىدا تۇراتتى. مېھراي ھويلىغا كىرىپلا قاققان قوزۇق-تەك تۇرۇپ قالدى. ئاپىسىنىڭ ئۆدۈلىدا كادىرچە كىيىن-گەن گەۋدىلىك بىرەيلەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئاپىسى قىزىنى كۆرۈپ:

— كەلگىن قىزىم، ئوغۇزخان بىلەن بىللە چاي ئىچكىن، — دېدى.

ئاپىسىنىڭ ئۆدۈلىدا ئولتۇرغان راستتىنلا مۆرىمەس ئۆكۈزمىدۇ؟! ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى، بۇقىنىڭكىدەك بوي-نىدىكى قاسماق كىرلەردىن ئەسەر يوق. شۇنداق پاكىز-كىن، پارقىراپ تۇرىدۇ. يوغان كۆزلىرى، قېلىن كال-پۇكلىرى كۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇچىسىدا يېپيېڭى چاپان - شىم، ئاق كۆڭلەك، بۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا خوپ يارىشىپ-تۇ. ئولتۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا پالۋان قامەتلىك، ھە ئەسكى چاپان ئىچىدە يىگىت بار ئىكەن - دە. شۇ پىكىر بىلەن قىزنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئۇ ئىزا تارتىپ

كۆزىنى ئوغۇزخاندىن قاچۇرۇۋېدى، يازلىق چايخانا سۇپې-سىنىڭ تۆرىدە ھاۋا رەڭ كۆڭلەكنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ كۆڭلەكنى ئېلىپ ئۆيىگە ئوقتەك كىرىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي ئوغۇزخانمۇ مېھرايىنىڭ ئاپىسىمۇ ئىشىكتە تۇرغان مېھرايىغا قاراپ قې-تىپلا قالدى.

ئىشىك ئالدىدا بىر گۈزەل پەرى كۈلۈپ تۇراتتى، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك قىزغا شۇنچىلىك ياراشقانىدىكى، ئۇ خۇددى شەھەر قىزلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— كىيگىلى نېسىپ قىلسۇن قىزىم، تازا ياراشتى، — دېدى ئانا.

مېھراي ئاپىسىغا تاتلىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قىل-دى.

ئوغۇزخان قوينىدىن بىر ئاق كۆڭلەكنى ئېلىپ:

— بۇنى ھە ... ھەدەم سىز - سىزگە بەر دېگەنتى، — دېدى.

مېھراي ئىككىلەنگەن، قىزىققان ھالدا ئالدى.

— قىزىم، ئوغۇزخان بالام يەنە ماڭا كۆڭلەكلىك رەخت، چاي، تۇز ۋە گۆش ئېلىپ چىقىپتۇ، — دېدى ئانا.

— ئاشۇ پۇلغا شۇنچە نەرسە كەلدىمۇ؟ — سورىدى مېھراي.

— ھە - ئە، — ئوغۇزخان ئالدىراپ جاۋاب بەردى، - كاۋىنىڭ يوغىنىنى يىگىرمە سومدىن، كىچىكىنى ئون سومدىن ساتتۇق، قايسى كۈنى مەجلىستە دۇيجاڭ «توخۇ-نىڭ بەشدىن ئاشقىنىنى توخۇ فېرمىسىغا تاپشۇرۇڭلار»



www.uyghurkitap.com

دېگەچكە تۆت توخۇرۇمنى ئالغاچ كىرگەنتىم، ئۇنى يۈز ئاتمىشقا پۇل قىلدىم.

— پاھ، سودىغا ئۇستا ئىكەنسىز جۇمۇڭ، — دېدى مېھراي «سىز» لىگىنىنى تۇيمىغان ھالدا.

— نەدىكىنى، ھەدەمنىڭ ئوغلى سېتىپ بەردى، بۇ نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ بەردى. يەنە كاۋىكىز بولسا بېرىڭ، سېتىپ بېرىمەن.

ئوغۇزخان شۇنداق دېدى ـ دە، ئوڭايسىزلانغان ھالدا تامىقىنى قىرىپ قويۇپ دۇئا قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چەتتە تۇرغان كونا كىيىملىرىگە قول ئۇزىتىشىغا مېھ-رايىنىڭ يېقىملىق، يۇمشاق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۇ كىيىملىرىڭىزنى قويۇپ قويۇڭ، مەن يۇيۇپ بېرەي، كەچتە كېلىڭ، توخۇ شورپىسى قىلىپ بېرىمەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، يىل ئاتلاپ يەنە كۈز كەلدى، مېھرايىنىڭ قورۇسىغا ئىككى ئەر سالام بىلەن كىرىپ كەل-دى، ئوچاق بېشىدا ھەپىلىشىۋاتقان مېھرايىنىڭ قۇلىقىغا «ئوغۇزخانغا ئەلچى بولۇپ قىزىڭلار مېھرايىنى سوراپ كەل-دۇق»، «ئۇغۇ يېتىم ئوغۇل، ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋالساڭ-لارمۇ بولىدۇ» دېگەن گەپلەر كىرىپ قالدى. ئۇ ئىشىنى تاشلاپ بېغىغا چىقىپ كەتتى، ئالما غازاڭلىرىنى دەسسەپ كېتىۋاتقان مېھرايىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «يېتىم ئوغۇل» دې-گەن سۆزلەر جاراڭلايتتى. ئۇ ئوغۇزخاننىڭ دادىسىنىڭ: «بىز توققۇز ئوغۇز ئەۋلادى، ئەجدادىمىزنىڭ نامى ئۆچ-مەسلىكى ئۈچۈن، بالامغا ئوغۇزخان دەپ ئىسىم قويدۇم» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى. ھەپتە ئۆتتى، ئانا قىزىغا:

— بۈگۈن ئېتىزغا چىقما، مېھمان كېلىدىكەن، —

دېدى ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، — ھېلىقى ھاۋا رەڭ كۆڭلەكىڭنى كىيىۋالغىن قىزىم.

ئاپىسىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان مېھراي ماقۇل دېدى. قوزا چوش مەزگىلىدە ئۈچ يىگىت كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوغۇزخان بار ئىدى. ئۇ يېڭى شىم - چاپان كىيىۋالغانىدى، مېھراي ئاپىسىنىڭ «ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىڭنى كىيىۋال» دېگىنىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن قىزارغان ھالدا ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىدى، ئوغۇزخانغا قولداش بولۇپ كەلگەنلەر مەھەللىدىكى شوخ يىگىتلەر ئىدى، ئۇلار بىردەم چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئوغۇزخان بولسا، مېھرايغىمۇ قارىماي تەرلەپ پىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئارىلاپ گېلىنى قىرىپ قوياتتى. مېھراي ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ئوخشاتماقچى بولدىيۇ، بىراق ئەدەپ يۈزىسىدىن ئېغىز ئاچمىدى. بىراق، ئىچىدە كوتۇلدىدى: بۇنى بىكار مۆرىمەس ئۆكۈز دېمەپتۇ - دە، بىرەر ئېغىز گېپىمۇ يوققۇ؟ . . . بىر ئازدىن كېيىن يىگىتلەردىن بىرى كېلىش مەقسىتىنى دېدى:

— مېھراي، ھەممىمىز تەڭتۇش ھەم بىر مەھەللىلىك بولغاچ مەقسەتنى ئوچۇق دەۋېرەيلى، ئاغىنىمىز ئوغۇزخان سىزگە ئەلچى كىرگۈزگەنىدى، بىراق توي خېتى ئېلىشتا كاتىپنىڭ سوئالىغا دەر قەمدە تۇرۇپ جاۋاب بېرىدىكەنسىلەر. شۇڭا، ئىككىڭلارنىڭ يۈز ئاچقۇسىنى قىلىپ كىردۇق.

مېھراي دىلخەستە بولۇپ قالدى. ئىزا ۋە ھاياجانلانغىنىدىن باغقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن: ئۇ ياۋاش ئەمەس، ماڭا كۆڭلەك ئاچى-

www.uyghurkitap.com

قىپ بەردىغۇ! دېگەن سادا ياڭرىغاندەك بولدى، ئۇنىڭ يۈرەك تارى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك سوقماقتا، ئىسسىق بىر قولنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆزۈپ ئالغىلى تاس قالدى.

— ئاپام!

— هوي ساراڭ، قورقما، بۇ مەن!

مېهراينىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. قوشنىسى ئايشىگۈلنىڭ ھەممىدىن خەۋىرى بار ئىكەن، ئۇ مېهراينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— قۇتلۇق بولسۇن، تەلەيلىك ئىكەنسەن. ئۆز بەگ، ئۆز خان بولىدىكەنسەن!

مېهراي «بەختلىك دېگەن سەن» دېمەكچى بولدىيۇ، دوستىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن گەپ قىلمىدى. ئايشىگۈلنىڭ «رازىمۇ سەن» دېگەن سوئالىغا يا ياق، يا ھە دېمىدى ئايشىگۈل چاقچاق قىلدى:

— ھېلىتىن سەنمۇ مۆرىمەس بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ گەپ قىلە!

— مەن نېمە دەيمەن؟ — مېهراي كۈلدى.

— ئەمىسە مەن دەيمەن، جۇمۇ، — ئايشىگۈل يىگىتلەرگە قاراپ توۋلىدى، — پەيشەنبە كۈنى گۈگۈمشىنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار!

مېهراي ئوغۇزخاننىڭ تۆت ئىغىز ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىلا، «تەقدىرگە تالاش يوق ئوخشايدۇ» دېگەنگە ئىشەندى. توي ئاخشىمى مۆرىمەس مېهراينى ھەيران قالدۇرۇپ زۇۋان سۈردى:

— مەن سېنىڭ مۇشۇ سۈتتەك ئاپئاق يۈزۈڭنى،

www.uyghurkitap.com

مۇنۇ ئۇزۇن چاچلىرىڭنى سۆيىمەن. . .
مېھرايىنىڭ شەھلا كۆزلىرى پارلىدى.

× × ×

شۇ كۈندىن تارتىپ مېھرايىنىڭ بېشىغا تۆت ئېغىزلىق ئۆي بار بىر قورۇ كىيىلدى. «خۇمداندا خىش تولا، قىلاي دېسەم ئىش تولا» دېگەندەك سەھەر تۇرۇپ ئورۇن يىغىش، ئۆي سۈپۈرۈش سۇ توشۇش، چاي قاينىتىش، چىنە ـ قاچا يۇيۇش، كىر يۇيۇش، ئېتىزغا يۈگۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار ئۇنىڭغا ئۇھ دېگۈدەك ۋاقىت بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنىمۇ شۇنداق تۈگىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئوغۇزخان تورغاي چۈچىلىغاندا ئەتىرەت ئېغىلىغا بېرىپ ھارۋىسىنى قاتاتتى ـ دە، نەلەرگىدۇ كېتەتتى. بەزىدە كۆز باغلانغاندا، بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىدە ئۈستۈبېشى توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ قايتىپ كېلەتتى. مېھراي كۈندۈزلىرى يوغان قورۇدا ئۆزى يالغۇز غېرىبسىنىپ يۈرەتتى. ئېرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا يالغۇزلۇق تارتمايتتى. مۇشۇ مېنىڭ ئېرىمغۇ ـ ھە، دەپ ئوغۇزخاننىڭ قۇچىقىدا بەختكە چۆمەتتى.

ئۇلار تىرىكچىلىك ئۈچۈن تەرلەپ ـ پىشىپ يۈرگەن، خۇدانىڭ قۇتلۇق بىر كۈنى تۇنجى ئوغلى ئورخان تۇغۇلدى، ئەمدى مېھراي يالغۇزلۇق تارتمايدىغان بولدى. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان جىگىرى بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولدى. «ئەرنى ئەر قىلىدىغان خوتۇن» دېگەندەك، مېھراي ئوغۇزخان مۆرىمەسىنى ئەر قىلدى. ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئو-

غۇزخان ئۆي ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ مېھراينى ئەقىللىق دەپ قارايتتى ۋە تاپقىنىنى مېھرايغا تۇتقۇزاتتى. ئەدناسى مېھراي ئۆيگە لازىمەتلىك نەرسىلەر ئېلىپ كېلىك دېسە، ئۇ «ئۆزۈڭ ئالساڭا» دەيتتى. مېھراي ئېرىنى ئۆ-كۈزنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ، بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئې-غىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى داۋالىتىش، ئۆلۈمى نەزىر - چىراغلىرىنىمۇ ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزدى. «ئاياللارنىڭ قىرىق بىر جېنى بار» دېگەن گەپ راست ئىكەن. مېھراي ئۇ دەپ، بۇ دەپ، ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزدى. ئايشىگۈل ئېيتقاندەك، «ئۆزى بەگ، ئۆزى خان» ئائىلىسىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى.

ئوغۇزخان ئائىلە باشقۇرۇشقا ئىپى بولمىغىنى بىلەن تالانىڭ ئىشلىرىدا چەبدەس چىقىپ قالدى. گۈڭشې ئەمەل-دىن قالدۇرۇلۇپ، يەر ھۆددىگە بېرىلگەندە، ئوتتۇز بەش يىل ياۋاش كالىدەك زۇۋان سۈرمەي كەلگەن ئوغۇزخان بىردىن غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى. ئۇنىڭ بوم ئاۋازىدىن مېھرايىنىڭ قۇلاق پەردىلىرى تىترەپ كەتتى. ئوغۇزخانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يانغان، بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېرىلگەن، مەڭزى تىترىگەندى، ئەزالار ئۇنىڭ ئەلپازىغا ھەيران قال-دى.

— ھەي دۇيجاڭ! — دېدى ئوغۇزخان ھۆركىرىگەن ھالدا، — بۇ تراكتورنى بىر ئۆمۈر ھارۋىكەشلىك قىلغان ماڭا بەرمەي، مۇنۇ توخۇ ئوغرىسىغا بەرگىنىڭ نېمىسى - ھە! ؟

دۇيجاڭ ھودۇققان ھالدا دۇدۇقلىدى:

www.uyghurkitap.com

— ھوي ئوغۇزكا ۋۇي، تو-توقۇمىڭنى قار - قارنىڭ-غا ئالمىساڭچۇ، بۇ يېزا باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى!

— ئەمدىچۇ قارا، بۇ تراكتورنى مېنىڭدىن يېزا باشلىقىڭ بۇياقتا تۇرسۇن، ھېلىقى چوڭى، ھە، ھە ماشۇ-جىمۇ ئالالمايدۇ. ھايدا بالام تۆمۈر ئۆكۈزنى!

شۇ تاپتا ئەترەت باشلىقىنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋىسى ئاللى-قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى، ئۇ پەقەت تۇيۇقسىز سىرقىراپ قالغان ئۆكۈزدەك ئاجىزغىنا كايىدى:

— ھوي ئوغۇزئاكا، بۇگۇن پايتىمىنى تەتۇر ئۆرۈ-دۇڭمۇ نېمە! ئات - ھارۋىنى سەن ئالغاندىن كېيىن، مۇنۇنىڭغا تراكتورنى بەرسەڭ بولاتتى.

— ئات ھارۋاڭغا نەرقىدە پۇل بېرىمەن، — دېدى ئوغۇزخان قايرىلىپ، — ھاي خوتۇن، ھېلىقى توخۇم ساتقان پۇلۇڭنى ئاچىقىپ بەرگىن، دۇيجاڭ ھاراق ئىچ-سۇن!

بۇ تېرىلغۇنىڭ قاتىلاڭغۇ چاغلىرى ئىدى. مېھراي ئۆزىچە «تراكتورغىمۇ، ئات - ھارۋىغىمۇ ئىگە بولدۇق، ئۇلار ئەمدى كېچە - كۈندۈز تراكتور ھەيدەيدۇ، توق - توق يېمىسە بولمايدۇ» دېگەن ئويدا خورازدىن بىرنى بو-غۇزلاپ، كاۋا بىلەن قورداق تەييارلىدى. ئۆي ئىچىنى بىر ئالغان مەززىلىك پۇراق ھەممىدىن ئاۋۋال تۆمۈرخاننىڭ چىدامىنى قويمىدى:

— ئاپا، بولساڭچۇ، ئىشىمىز بەك ئالدىراش، دېھ-قانلار ئۆچىرەتتە!

— ھازىر بالام، گىدىككىنە تەخىر قىل!

مېھراي خوراز گۆشىنى بۆلۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئۇ ئېرىغا ئوبدان تويسۇن دەپ گەۋدىسىنى، ئىككى ئوغلىغا مەزمۇت دەسسىسۇن دەپ ئىككى يانپىشىنى، قانات چىقار-سۇن دەپ ئىككى قىزىغا ئىككى قانىتىنى، ئۆزىگە بېشىنى تەقسىم قىلىپ بالىلىرىنىڭ ئالدىغا قويىدى. ئېرى بىلەن ئوغلى مۆرىمەسلەر بولغاچ ئىندىمەي يېيىشمەكتە. شۇ تاپتا ئورخان بىلەن ۋات - ۋات قىزلىرىمۇ مۆرىمەس بولۇۋال-دى. ئوخشاپتۇ ئاپا دەپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ، بۇ مۆرد-مەسنىڭ شۇملىرى، دەپ ئاغرىندى ئۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندا ئوغۇزخان ئۈن قاتتى:

— يارايسەن خوتۇن، ئۆمرۈمدە مۇنداق مەززىلىك تاماق يېمىگەنتىم.

— ئالامەت ئوخشاپتۇ ئاپا!

— يەنە بارمۇ ئاپا، قانچىلىك بولسىمۇ يەۋېتەر ئى-دىم. . .

ھەممىسىنىڭ ئاغزى تەڭ ئېچىلدى. مېھراينىڭ ھار-دۇقى چىقتى.

— مېھرى، ئەمدى كۈندە گۆشلۈك تاماق ئەتكىن! — ئوغۇزخان تۈنجى قېتىم خوجايىنلارچە بۇيرۇدى.

مېھرايىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ھە، كەمبەغەللىنىڭ بىر تويغىنى باي بولغىنى، قورساق تويسا كۆڭۈل توق، غەم - غۇسسە يوق بولىدىكەن. ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ پېشانە تەرى بىكار كەتمىدى. يول تاپار - پۇل تاپار دېگەن-دەك كۆكلىدى، تراكتور ھەيدەپ يۈرۈپ يىغقان پۇلىغا بىر كومبايىن سېتىۋالدى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ بىر يۈز ئوتتۇز قوي، ئوتتۇز ئۆكۈزى بار ئائىلىگە ئايلاندى. ئوغۇزخان ئەمدى بالىسىنىڭ كەينىدە يۈرمەي، قوي، كالا بورداپدىغان

بولدى ئۇ مېھرايغا خوجايىنلارچە:

— ئەمدى ئېتىزغا چىقمىساڭمۇ بولىدۇ، ئوتتۇز يىل قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغىنىڭمۇ يېتەر، ئۆي ئىشىنى قىل، بىكار بولساڭ ماڭا قارىشىۋەت، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ، تاغلىق كەنتتە ئۇلارنىڭ ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئۆيى قەد كۆتۈردى.

× × ×

مېھراي بىر ئاپتوبۇس خوتۇننى ئېلىپ شەھەرگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئورخاننى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا ئېلىپ كىرگەندىن بېرى شەھەرگە كىرىپ باقمىغان، بۇ قېتىمقىسى ئىككىنچى قېتىم شەھەرگە كىرىشى ئىدى. يەنە كېلىپ ئورخاننى ئۆيلەش ئۈچۈن توي تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مېھرايىنىڭ چىرايىدا ھەم شادلىق، ھەم غەم - ئەندىشە بار ئىدى. شاد بولغىنى ئوغلىنى ئۆيلەپ كېلىنلىك بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشىدىغىنى، شۇ تاپتا ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقىنى ساندۇق ئېچىش مۇراسىمى. مېھراي ئاپتوبۇسنىڭ تۆپىسىگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ تۆپىسىدىكى ساندۇق ياكى ئۇنى يەرگە قارىتىدۇ، ياكى كۆلدۈرىدۇ. شەھەرلىكلەرنى يالغۇز ئاقلىق چايغىلا يەتمىش - سەكسەن پەتنۇس راسلاپ بارىدۇ، دېيىشىدۇ، ئۇ قوشنىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئېلىۋالغان سەكسەن پەتنۇسلۇق بوسۇتقا قۇدىلىرى رازى بولارمۇ؟ ...

مېھرايىنىڭ يەنە بىر ئەندىشىسى چىشى قۇدىسى،

«ئاپىسى پوتمىسە قىزى پوتمەس» دېگەن قاراشقا ئىشىنىدى-
غان مېھراي چىشى قودىسىنىڭ قانداق ئاياللىقىنى تېخىچە
بىلمەيدۇ. يامان خوتۇن بولسا ئوغلۇمنى تارتىۋېلىپ ئىچ
كۈيئوغۇل قىلىۋالىدۇ. باھانە ئاسان، ئىككىسى بىر مەك-
تەپتە، خىزمەت ئېغىر، قىزىمىز تاماق ئېتىپ ھەم خىز-
مەت قىلىپ ئورۇقلاپ كەتتى، دېگەن باھانىسىمۇ تېپىلىدۇ -
دە.

مېھراي ئويلىرىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، بىر
قويىنى سويۇپ ئورۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىنى
مەسلىھەت چايغا چاقىرغانىدى. ئاياللاردىن بىرى «شەھەر
تويى چوڭ بولىدۇ» دېسە، يەنە بىرى «ھەشەمەتلىك بولى-
دۇ» دېدى.

— شەھەردىچۇ، — دېدى بىر جۇۋان، — ئوغۇل - قىز
توي خېتى ئېلىپلا رېستوران دېگەن ئۆيدە تانسا قىلىدىكەن، ئاندىن
قىز - يىگىتنى پىكاپلاردا شەھەر ئايلاندۇرىدىكەن.

— ۋاي ئانامەي، ئورۇسلاردەكلا قىلىدىكەن - دە.

— بىزچىمۇ توي قىلىدىكەن، — دېدى يەنە بىر بە -
لەرمەن، — قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆكۈز سويۇپ، داش قازان
ئاسىدىكەن، ساندۇق ئېچىلىشى ھەممىدىن داغدۇغىلىق بو-
لىدىكەن.

قېرىنداش دېگەن يەنىلا قېرىنداشلىقىنى قىلىدۇ.
مېھرايىنىڭ ھەدىسى بىلەرمەنلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ مۇن-
داق دېدى:

— «ئوغلۇڭ بولسا ئوچاقتەك، قىزلار كېلۈر قون-
چاقتەك» ئوغلىمىز ئۆيلىنىمەن دەيدىكەن ھەممىگە چىداي-
مىز، توي دېگەننىڭ مەنىسى ھەممىگە توي دېگەنلىك.

ياخشىسى ئاۋۋال ئەلچى كىرگۈزۈپ قىزنىڭ ئىشىكىنى
ئاچايلى.

— توغرا دېدىڭ ھەدە، ۋايىيەي، بىزدىن نېمە كېتەت-
تى، ئوتتۇزلا قوي ساتسام شەھەرنىڭ يېرىمىنى ئالالاي-
مەن، — دېدى مېھراي.

ئەلچىلەر ئىككى قېتىم قاتراپ ماقۇل جاۋاب بىلەن
توي سېلىقى تىزىملىكىنى ئېلىپ چىقتى، سېلىق خېلى
ئېغىر ئىدى. مېھراي قورقۇپ قالمىدىيۇ، لېكىن نامى
غەلىتە چەت ئەل كىيىملىرىنى ئالالمىدى.

ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىگە چىدىغان، نۇرغۇن
توپىلارنى كۆرگەن مېھراي ئوغلىنى ئۆيلەشكە كەلگەندە ھو-
دۇقۇپ قالدى. ئۇ مانا شۇ غەم ـ ئەندىشە ئارىلاش شادلىق
ئىچىدە قۇدىسىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغى-
نىنىمۇ تۇيمىدى.

× × ×

مېھراي سەھرالىق ئاياللارنى باشلاپ يوغان تۆمۈر
دەرۋازىدىن كىردى. ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى
ئارچىلار، سايە تاشلاپ تۇرغان باراقسان تاللار، گۈللۈك
ۋە ئۈزۈم باراڭلىرى، ئۇنىڭ نېرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇر-
غان بەش قەۋەتلىك بىناغا قىزىقىش بىلەن قاراپ قەدەم
تاشلىدى.

مېھرايلارنى ئىشىك ئالدىدا پۈزۈر كىيىنگەن، يۈزلى-
رىگە گىرىم قىلغان جۇۋانلار قىزغىن قارشى ئالدى. مېھ-
راي پەلەمپەيلەردىن ئۆرلەپ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتى.

ئىشىك ئالدىدا ئاق سېمىز، قاش ـ كىرپىكىگە سۈرمە
تارتقان، سېمىز بويىندا ئالتۇن زەنجىر، مەيدىسىدە گۆھەر
كۆزلۈك مېدالىئون پارقىراپ تۇرغان ئايال قاش ـ كىر-
پىكلىرىنى سۈزۈپ قارشى ئالدى. ئۇ مېھمانلارنىڭ ھۆرمە-
تىدىن كۆرە بارماقلىرىدىكى قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈك،
بىلىكىدىكى ئالتۇن بىلەزۈكلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك
قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ مېھرايىغا باشتىن ـ ئاياغ
بىر قاراپ قويدى ـ دە، مەنسىتمىگەن قىياپەتتە تىلىنىڭ
ئۇچىدىلا ئامانلىق سوراپ قويدى. ئاندىن بويىغان كالپۇك-
لىرىنى پۈرۈپ، سول قولى بىلەن ئۆيگە كىرىش ئىشارىسى
قىلدى. مېھراي بۇنىڭغا ھودۇقۇپ كەتمىدى. ئۇمۇ ئايال-
لىق نەزەرىدە بۇ ياسانچۇق خېنىمغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن
بىر قاراپ قويدى ۋە بۇ چىرايىنى قەيەردىدۇ بىر يەردە
كۆرگەندەك تۇيغۇغا كەلدى. شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئۆي
ئىگىسىنى چاقىرىپ قالدى.

— ئايشىبۇۋى خانىم! . . .

مېھراي قىپقىزىل ياسالغان ئۆيگە كىرىۋېتىپ «ئاي-
شىبۇۋى خانىم؟ بۇ تونۇشلا ئىسىمغۇ» دەپ ئويلىدى.
ئۇنىڭغىچە قولغا سۇ تارتىلدى. مېھرايىنىڭ ئالدىغا كاللەك
ناۋات، قەنت ـ گېزەك، پېچىنىلەر بىلەن ئالاھىدە راسلان-
غان ئايرىم پەتنۇس قويۇلدى. چايدىن كېيىن ئۈستىگە
مايلىرى پارقىراپ تۇرغان مەررە گۆش، قېزا، بىھىلەر
لىققىدە بېسىلغان ئاش تارتىلدى. مېھرايىنىڭ گېلىدىن بۇ
ئوخشىغان ئاش ئۆتمىدى. قۇدىسىنىڭ پار ـ پۇر ياسانغى-
نى، مەنسىتمەي كۈتۈۋالغىنى، ئۇنىڭ ئىسمى ـ شەرىپى
مېھرايىنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا يې-

ڭى قۇدىسى مۇنۇ يېنىدا ئولتۇرغان قۇدىسىدەك سادda ئەمەس ئوخشايدۇ. نېمىنى قويساڭ خوش دەيدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇ قىزىنى ئاسانلىقچە بېرىپ قويمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇلار كاتتا كىشىلەردەك كۆرۈنىدۇ، دېگەن ئوي مېھرايىنى قىينىدى. ئۇنىڭ ئويىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ياسانچۇق ئايال يېنىدىكى ئايالغا: «تۈنۈگۈن گۆشناننى مايدىلا پىشۇرۇپ يېۋىدىم قاراڭ، قان بېسىمىم ئۆرلەپ كەتتى. شۇ ھامان قاراقات مۇراببasىنى يېۋىدىم، قان بېسىمىم چۈشتى. بولمىسىچۇ، بۇ چايغا كېلەلمەيتتىم» دېدى. پەگاھدا ئولتۇرغان يەنە بىر ئايال غىجىنغان ھالدا: «ۋايىيەي، باشقىلار سۇغا چىلايدىغاندەك دەۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان» دەپ كوتۇلدىدى.

ئەمدى چاينىڭ ئەڭ قىزىق پەيتى كەلدى. ئايشىبۈۋى خانىمنىڭ تۆت ئېغىز ياسىداق ئۆيى، قوشنىلىرىنىڭ ئون نەچچە ئېغىز ئۆيىدە تىقىلىشىپ ئولتۇرغان مېھمانلار دۇررىدە كارىدورغا چىقىشقا باشلىدى. پەلەمپەيلەردىن چۈشۈۋاتقانلارنىڭ ئېگىز پاشنىلىق توپلەيلىرىنىڭ تاقىلدىشى بىنانى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇلار كەڭ ئۈزۈم بارىڭى، گۈللۈكلەرنىڭ چۆرىسىدە تىقىلىشىپ تۇرۇشتى، ئوتتۇرىدىكى كىچىك سەيناغا قويۇلغان شىرەدە ئىككى ساندۇق، ئىككى چامادان تۇراتتى. ئاۋۋال بوسۇت قويۇلدى، مېھمانلار گىلەم، مىڭ سوملاپ نەق پۇلدىن تارتىپ ئەدىيالغىچە قويۇشتى. ئاندىن ساندۇق ئېچىش باشلاندى. قائىدە بويىچە ئاۋۋال قىزنىڭ ساندۇقى ئېچىلدى. بىر چوكان كىيىم – كېچەك، ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېلىپ بىر – بىرلەپ كۆرسىتىپ، تەرىپلەشكە باشلىدى:

— بۇ تۈركىيىنىڭ بادام ياغلىقى، پاكىستاننىڭ زەر ياغلىقى ۋە كەشمىر ياغلىقلىرى. بۇ قىشلىق نوركا ئىسپاد-كىسى، بۇ قىزنىڭ يىگىرمە گراملىق ئالتۇن زەنجىرى، بۇ گۆھەر كۆزلۈك بۇلاپكىسى، قاراڭلار نۇر يېغىپ تۇرغى-نىنى؛ بۇ ئىككى جۈپ گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىسى، بۇ ئىككى جۈپ ئالتۇن ئۈزۈكى، گۆھەرلىرى جىلغ بولغاچ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ چېخوسلوۋاكىيىنىڭ بوبىروك پەلتوسى؛ بۇ ۋېنگرىيىنىڭ يازلىق پەلتوسى، بۇلار قاراڭ-لار، شىبكەر چاچتى، سۇ پەرى، پەتنۇس، چىكەن، گۈل-لۈك چىكەن، تور چىكەن، ھەسەن - ھۈسەن، ئوت كەت-تى، توخۇ كۆزى، ماڭقارا، زەر باسقان، چىدىغانغا چىقار-غان دېگەنگە ئوخشاش چەت ئەل رەختلىرىدىن تىكىلگەن كۆڭلەكلىرى. . . ساندۇقتىكى تۈگەپ، چامادانىدىكى نەر-سىلەر ئېلان قىلىنىشقا باشلىنىشىغىلا مېھرايىنىڭ « رەھ-مەت » دەۋېرىپ ئاغرى تالدىمۇ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قىسىلىپ قالغانىدى. قوشنىسىنىڭ كېيىگە كىرىپ قۇدىلار سېلىقتا سالغان چەت ئەل كىيىملىرىنى ئالمىغىنىغا ئۆكۈندى. ئۇ ئايشىبۈۋى خانىمغا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن، ئالتۇن چىش-لىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. مېھرايىنىڭ قۇلىقىغا ئەمدى ساندۇق ئاچقۇچى چوكاننىڭ مەسخىرىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھازىر ئوغۇل تەرەپنىڭ ساندۇقىنى ئاچىمەن. بۇ قىزغا تەييارلىغان باش ياغلىقى ئوخشايدۇ. بۇ بىر جۈپ قۇلۇپلىق ھالقىسىكەن، بۇ بىر تاللا ئۈزۈك ئىكەن، بۇ شاڭخەينىڭ پەلتوسىدەك قىلىدۇ، بۇ خوتەن ئەتلىسىدىن

www.uyghurkitap.com

تىكىلگەن كۆڭلەكتەك قىلىدۇ، بۇ غۇلجا سارجىسى، بۇ بولسا. . .

قىزنىڭ ساندۇقى ئېچىلغاندا، دىمىنى ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان ئاياللار ئەمدى كۇسۇرلاشقا باشلىدى. مېھراي بىر قېتىممۇ رەھمەت دېمىگەن ئايشىبۇۋى قۇدىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ بايىقى ئاپتاپتەك ئېچىلغان چىرايىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان، پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن چىشلىرى قارا بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. مېھرايىنىڭ سىنچى كۆزى قۇدىسىنىڭ ئوڭ قۇلىقى ئاستىدىكى خالغا چۈشتى. ۋاھ ئەجەب ئوخشايدا، ئايشىگۇل ـ خال. . . مېھرايىنىڭ كۆز ئالدىغا قەدىناس دوستى ئايشىگۇل كەلدى. ئۇنىڭمۇ قۇلىقىنىڭ ئاستىدا دەل مۇشۇنداق خالى بار ئىدى، ھە، توختا، قېشى، بۇرنىمۇ شۇنىڭ، نېپىز لەۋلىرىمۇ شۇ ئايشىنىڭ، پەقەت چېچى كېسىلىپ بۇدۇر قىلىنىپتۇ. كۆزلىرىدىن بىر ئاز نۇر كېتىپتۇ، بويۇن، پېشانىسىگە قورۇق چۈشۈپتۇ. ھە، شۇ، شۇ ئايشىگۇلنىڭ ئۆزى. . .

— ئو ئوش، بولدى. ساندۇقنى ھارۋىسىغا بېسىپ بېرىڭلار!

مېھرايىنىڭ خىيالى ئايشىبۇۋى خانىمنىڭ ئاچچىق ئاۋازىدىن بۆلۈندى.

× × ×

مېھرايىنىڭ ئايشىگۇل ئىسىملىك دوستى بارلىقىنى شەھەرلىكلەر ئۇقمايتتى. ئايشىگۇلنىڭ ئۆيى كەنتنىڭ چېتىدە بولۇپ، قېرى دادىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق

يېتىم قىز ئىدى. ئۇلار قايسىدۇر مەھەللىدىن كوچۇپ كېلىپ، مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى. كېيىن دادىسى پارالىچ بولۇپ قالدى، ئايشىگۇل دادىسى ئورنىدا ئېتىزدا ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر ئۆتەتتى. ئۇ ھەر قاچان ئۆلۈپ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن كۆڭلەكنى كىيىپ يۇرەتتى، قاچانلا قارىسا ئالىقانلىرى قاپارغان، يۇزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ، شامالدا يېرىلغان، چاچلىرى پاخپايغان ھالدا يۇرەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن ئۇ توي - تۆكۇنلەرگە بارمايتتى. چىرايىدا غەمكىنلىك، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يالغۇز مېھراي بىلەن مۇڭدىشاتتى. يىگىتلەرنىڭ چاقچىقىغا مۇزدەك نەزەرى بىلەن قارايتتى، يىگىتلەر ئۇنى «ئايشىگۇل تولۇق» دەپ ئەيمىنەتتى.

بىر كۇنى ئايشىگۇل مېھرايىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇ ھاياجانلانغاندەك ئىدى. ئۇ تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن:

— بۇگۇن ئېچىلىدىغان مەدەنىيەت ئۆيىگە بارامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بارىمەن، — دېدى چېچىنى تاراۋاتقان مېھراي، — سەنچۇ؟

ئايشىگۇلنىڭ بايىقى ھاياجىنىنىڭ ئورنىنى مەيۇسلۇك ئىگىلىدى، ئۇ تولىمۇ سۇس ئاۋازدا دېدى:

— باراي دېگەن ئىدىم، بىراق كىيىپ بارغۇدەك كۆڭلىكىم يوق!

مېھراي ئويلىنىپ قالدى، ھە، ئايشىگۇل مېنىڭدىن كۆڭلەك سوراپ كەپتىكەن - دە، دېگەن ئوي كەچتى كۆڭ-لىدىن. ئۇ ئەتەي:

— مۇنۇ كۆڭلىكىڭ بىلەن بارىۋەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ

سورىدى

— بۇنى كىيىپ بارغۇچە بارمىغىنىم تۈزۈك. مەن تېخى سەن بارمىساڭ ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىڭنى كىيىپ باراي، دەپتىكەنمەن.

مېھراينىڭ قولىدىن تارغاق چۈشۈپ كەتتى، ئۇ دوستىنىڭ ئۈمىد بىلەن نۇرلانغان كۆزلىرىگە قارىدى، بۇ شەھلا كۆزلەردە ھەم مۇڭ، ھەم مۇھەببەت نۇرى چاقنايتتى. مېھراي، ھە، ئۇ مەدەنىيەت ئۆيىگە كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس، گۇڭشې ياشلار كادىرى يارىنى دەپ بارماقچى، شۇڭا ياسانماقچى، دەپ ئويلىدى. يارى بۇلتۇر كېلىپ، كەنت ياشلىرىنى مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇشقا تەشكىللىگەن، ياشلارنى تەشكىللەپ ئەترەت ئاجرىتىپ بەرگەن يىگىرمە مو يەرگە قىزىلچا تېرىپ ئۇنى سېتىپ، گېزىت - ژۇرنال، كىتاب، ساز قوراللىرى ئېلىپ مەدەنىيەت ئۆيىگە قويغانىدى. بۈگۈن مانا شۇ مەدەنىيەت ئۆيىدە كونسېرت ئويۇنى بولماقچى، مېھراي ئايشىگۈلنىڭ يارىنى يىراقتىن كۆرسىلا قىزىرىپ كېتىدىغىنىنى، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدىغىنىنى كۆرگەن. بۇلارنى ئويلاپ كەتكەن مېھراينىڭ ئاغزىدىن «بېرىپ تۇرىمەن» دېگەن سۆز ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى.

ياشلىق ئوت يۈرەك دەۋرغۇ، ھەممىگە، بولۇپمۇ يېڭى نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان، ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئاتىدىغان دەۋر، مېھراي ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىنى تۇنجى قېتىم كىيىپ بېرىپ، قىزلارنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى ئالماقچى، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالماقچى ئىدى. بۇ ھەۋىسىنى دوستى سورىۋالدى. ئايشىگۈل ئارمىنىغا يەتكەن ئاشىقتەك ئېچىد-



www.uyghurkitap.com

لىپ كەتتى، چىمەنلىك باغدا يايراۋاتقان كېپىكتەك سەك-
رىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا:
— رەھمەت دوستۇم، بۇ ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئۇن-
تۇمايمەن، — دەپ مېھراينى قۇچاقلىدى.
مېھراي يۇيۇنۇپ، تارىنىپ ئايشىگۈلنى ساقلاپ تۇر-
دى، گۈگۈم چۈشۈپ، كۆز باغلانغاندا ئىشىكتىن بىر پەرى-
زات كىرىپ كەلدى. غۇۋا قاراڭغۇ ئۆي يورۇپ كەتكەندەك
بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزلىرى پارقىراپ تۇرغان، مەڭزى
ئاناردەك قىزارغان، ئىككى ئۆرۈم چېچى ساغرىسىغا چۈ-
شۈپ تۇرغان، ئىنچىكە بەللىك بىر گۈزەل نازىنىن تۇرات-
تى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمدىن نېپىز لەۋلىرى ئېچىلىپ، سە-
دەپتەك چىشلىرى پارقىرىپ تۇراتتى. مېھراينىڭ كۆزى
قاماشقاندەك بولدى.
— كۆزلىرىڭنى چىمچىقلىتىپلا كەتتىڭغۇ، كۆڭلە-
كىمىڭ ياراشمىدىمۇ يا؟ — دېدى ئايشىگۈل ئۇزۇن كىرپىك-
لىرىنى قېقىپ.
— ھوي سەن بايامقى ئايشىمۇ؟ سېنى كۆرۈپ كۆزۈم
قاماشقاندەك بولۇۋاتىدۇ. تونۇغۇسىز گۈزەل بولۇپ كېتىپ-
سەنغۇ، ۋاي خۇدايىمەي، سەن بەك چىرايلىق ئىكەنسەنغۇ؟
— يوق گەپنى قويغىنا، — دېدى ئايشىگۈل تارتى-
نىپ، — چىرايلىق دېسە سېنى دېسە بولىدۇ، ئاپئاق
گىرىپتىشىن كۆڭلىكىڭ بىلەن ئون تۆت كۈنلۈك ئاي
بولۇپ كېتىپسەن.
قىزلار بىر - بىرىنى مانا شۇنداق سۈپەتلەپ، يېتىلە-
شىپ مەدەنىيەت ئۆيىگە كەلدى. ئىچى - تېشى ئاپئاق
ئاقارتىلغان چوك ئۆي ياشلار بىلەن تولغانىدى، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى بۇ ئىككى قىزغا چۈشتى، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى، بولۇپمۇ يارىنىڭ ئايشىگۈلدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغىنىغا قارىغاندا، بەلكىم ئايشىگول ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشىنى ئالغاندۇر. ھە، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك ئايشىگۈلنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى ئاچقاندەك، يارىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپتۇ - دە.

ياشلار ئاۋۋال مەكتەپ بالىلىرىنىڭ كونسېرتىنى كۆردى. ئاندىن ساز چېلىندى. يارى باشلامچى بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇ ئىككىلا ئايلىنىپ ئايشىگۈلنى تارتتى، كەنت بويىچە ئۇسسۇلچى مېھراينى تارتماي ئايشىگۈلنى تارتقىنىغا قارىغاندا، ئايشىگۈلنىڭ گۈزەل چېھرىسىدىن بىر پارچە ئوت ئۇچۇپ كېلىپ يارىنىڭ يۈرەك بېغىشىنى كۆيدۈرگەن چېغى. تارتىنچاقلىق قىزلارنىڭ زىنىنىتى. شۇڭا، يىگىتلەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان تارتىنچاق ئايشىگۈلنى ئۇسسۇلغا چۈشمەس دەپ ئويلىغان. مېھراي يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. ئايشىگۈل تارتىنىشنى قايرىپ قويۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپلا كەتتى. بۇنى كۆرۈپ مېھرايدا «مۇھەببەت قائىدە - يوسۇنغا قارىمامدۇ نىمە؟ يۈرەك مۇھەببەت ئىلكىگە ئۆتۈپ قالسا، ئار - نومۇسنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئوخشىمامدۇ» دېگەن پىكىر پەيدا بولدى. مېھراي دوستىنىڭ ئۇسسۇلنى بۈگۈنكىدەك ماھىرلىق بىلەن شوخ ئوينىغىنىنى كۆرمىگەن، ئۇ خۇددى خۇشاللىق دەرياسىدا ئۈزۈۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يارى بىلەن بېقىشىپ ئوينايتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئەڭ بەختلىك قىزغا ئايلانغان، يارى ئىككىسى مېھراينىڭ كۆزىگە خىلى - خىلىغا، گۈلى - گۈلىگە جۈپ كەلگەندەك

كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ قىزغىن ئويۇنى ئەمگەكتىن باشقىنى كۆرمىگەن ياشلارنى جىم تۇرغۇزمىدى. ئويۇن يېرىم كې-چىگىچە داۋام قىلدى، يارى بىلەن ئايشىگۇل مېھرايىنى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئايشىگۇل ھاۋا رەڭ كۆڭلەكنى ئېلىپ كەل-دى، مېھراي ئايشىگۇلنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كۆزلىرى نۇرلانغان، ئۆزى خۇشال، ئەمما ئاخشامقى لەۋەن چىرايى يوق، ئۆڭۈپ كەتكەن كۆڭلىكى ئۇنىڭ چىرايىنى يۇتۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئايشىگۇل:

— ئاخشامقى ياردىمىڭگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت، كۆڭلىكىڭ دەل ۋاقتىدا ئەسقاتتى، — دەپ كۆڭلەكنى سۇندى.

— ھاۋا رەڭ كۆڭلەك ساڭا بەك يارىشىدىكەن، بۇ كۆڭلەكنى تويۇڭدا كىيگىن! — دەپ كۆزى قىيمىسىمۇ كۆڭلەكنى ئايشىگۇلگە ئىككى قوللاپ تۇتتى مېھراي.

— زاڭلىق قىلمىغىنا مېنى، بۇنى تويۇڭغا ئاتاپ ئالغان تۇرساڭ.

— سېنىڭ تويۇڭ مېنىڭ تويۇم، تويۇمدا ئاق كۆڭ-لەكنى كىيىمەن، ھاۋا رەڭ كۆڭلەك سېنىڭ بەختىڭ، دوستلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالسۇن!

— راستىما؟ — ئايشىگۇلنىڭ ئاخشامقى گۈزەل چېھ-رىسى يەنە پەيدا بولدى، — راستتىنلا بېرىۋېتەمسەن؟! مەن راستتىنلا مۇشۇ كۆڭلەكنى كىيىمەنما؟! بۇ ياخشىلى-قىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياخشىلىقىڭا ياخشىلىق قايتۇرىمەن.

شۇنداق دەپ ئۇ مېھرايىنى قۇچاقلىدى، ئۇ كۈلەتتى، كۆزلىرىدىن تامچە - تامچە شەبنەم ئاقاتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

× × ×

«ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرىدىغان» قىزغىن، سا-
داقەتمەن دوستى ئايشىگۈلنىڭ دەل مۇشۇ ئالتۇن چىشلىق
يېڭى قۇدىسى ئىكەنلىكىنى مېھراي جەزملەشتۇردى. ئى-
سىت، ۋاي ئىسىت! بۇ دوستى ھاۋا رەڭ كۆڭلەكنى
ئۇنتۇپلا قالماي، تويىنىڭ گازىر - پۇرچاق بىلەن ئۆتكەن-
لىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟

مېھرايىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ كوللېكتىپ توي مەن-
زىرىسى تېلېۋىزور لېنتىسىدەك تېزلا ئۆتتى.

يارى بىلەن ئايشىگۈل، ئوغۇزخان بىلەن مېھراي ۋە
يەنە تۆت جۈپ ياش مەدەنىيەت ئۆيىگە تىزىلىپ كىرىشتى.
ئۇلار سەھنىدىكى ئۇستەل چۆرىسىدە ئولتۇرۇشتى، ئۇس-
تەل تۆپىسىدە ياشلار ئۆزلىرى تېرىغان گازىر - پۇرچاق،
ئالمىلار بار ئىدى. ئۆسمۈرلەر ئالتە جۈپ ياشنىڭ مەيدى-
سىگە قەغەز گۈل قادىدى، گۇڭشې شۇجىسىنىڭ «بىز
ئون بەش يىل جاپالىق ئىشلەپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر-
دىن ئۆتۈپ كېتىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز يەپ، كۆپ ئىشلى-
شىمىز، ئاددىي كىيىنىشىمىز، تويلارنى مۇشۇنداق يېڭىچە
ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك» دېگەن سۆزىدىن كېيىن كون-
سېرت بولدى، مانا شۇ تويدىن كېيىن ئايشىگۈل خۇددى
ئاي پاتقاندەك يوقاپ كەتكەنىدى...

ئۆز ۋاقتىدا تويىنى گازىر - پۇرچاق بىلەن ئۆتكۈ-
زۈشكە رازى بولغان ئايشىگۈل قىزىنىڭ شۇنچە چوڭ تويغا
رازى بولىدىغىنى نېمىلىكتىنىكىن؟ بىر ھاۋارەڭ كۆڭلەككە

زار بولغان ئايشىگۈل كىيىمگە نېمانچە ئامراق بولۇپ كەت-كەندۇ؟ ئەگەر دەۋر ئۆزگەرمىگەن بولسا، ئۇمۇ قىزىنىڭ تويىنى گازىر - پۇرچاق بىلەن ئۆزبىتاتتىمغۇ! . . . بۇ سو-ئاللارغا جاۋاب ئالماقچى بولغاندەك، مېھراي ئورنىدىن تۇردى، ئەپتىدىن مۇز، كۆزىدىن زەھەر يېغىپ تۇرغان ئايشىبۇۋى خانىمغا قادىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئايشىگۈل، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېزىدا بىر ھاۋارەڭ كۆڭلەككە زار بولغان چېغىڭ ئۇنتۇلۇپتۇ - دە، ئۇ كۆڭلەككە ئىگە بولغىنىڭدا شادلىق يېشىڭنى تۆككەن ئىدىڭ، ئاردىن ئوت-تۇز يىل ئۆتۈپ توققۇزۇڭ تەل بولغاندا، ئاشۇ ياش ئاققان كۆزلىرىڭنى ماي قاپلىۋالدىمۇ؟!

باياتىن ئايشىبۇۋى خانىمنى ياقلاپ كۇسۇرلاشقان مېھ-مانلار جىددىيلەشتى. ئەمدى جېدەلنىڭ يوغىنى چىقىدىغان بولدى، دېگەن ئەندىشە ئارىلاش قىزىقىش بىلەن قاراپ قېلىشتى. ئايشىبۇۋى خانىمنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، قىسىلدى ۋە بىردىن چاقنىدى، بۇ چاقناشتا ھەيرانلىق بىلەن شادلىق ئىپادىلىنەتتى. ئۇ بىردىن ئۆزىنى مېھرايغا ئاتتى. ئايالالارنىڭ نېرۋىسى ئەمدى شۇنچىلىك جىددىيلەش-تىكى، «ھىم مانا، چاپلىشىش باشلاندى» دەپ تېپىرلاپ قېلىشتى.

— ۋاي دوستۇم، مېھرىمۇ سەن! — دېگەن ئايشى-بۇۋى خانىمنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى مېھمانلارنى يەنە ئۆز ئورنىدا مىخلاپ قويدى، — جېنىم دوستۇم، مېنى كە-چۈرگىن، پەقەتلا تونۇماپتىمەن، نېمىشقا باشتىلا مەن مېھ-راي دېمەيسەن، ھەي سىڭلىم، — دېدى ئايشىبۇۋى خانىم

مېھرايدىن ئاجراپ، — ساندۇقنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ، دوستىنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرىدىغان ساندۇق ئېچىش قورۇپ كەتسۇن! سەلىمە خانىم، نىم پەدىگە چالسىڭىزلا، بۇگۇن ئۇسسۇل ئوينايدىغان قوش شادلىق كۈن!

شۇ ھامان ساندۇق، چامادانلار بىر چەتكە ئېلىۋېتىلدى، مېھراينىڭ ياشاڭغۇ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، قەدىناس دوستى قىز چېغىدىكى ئۇسسۇلنى ئۇنتۇماپتۇ، بەلكى مەدەنىيەت ئۆيىدە ئوينىغىنىدىنمۇ سىلىق، لەرزان ئويناۋاتىدۇ، ئايشىگۇل قاس چىقىرىپ ئويناپ مەيداننى بىر ئايلاندى _ دە، مېھراينى تارتتى، مېھرايمۇ ئارانلا تۇراتتى. ئۇ قۇدىسى بىلەن بېقىششىپ شوخ ئويناشقا باشلىدى، ئادەم قېرىغان بىلەن كۆڭۈل قېرىمايدۇ، كۆڭۈللا قېرىمىسا ئۇسسۇلمۇ، ئارزۇ _ ھەۋەسمۇ قېرىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ماھىرلىق بىلەن ئويىنىشى بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى. گۆشنان يەپ قان بېسىمى ئۆرلىگەن جۇۋان «سەھرالىق تومپايلاردىنمۇ شۇنداق ماھىر ئۇسسۇلچىلار چىقىدىكەنا، توۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. تاپىنى قىزىغان ئايالار كەينى _ كەينىدىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرى ئېگىلدى. بارماقلىرى قارسىلدىدى، ئۇلار كۆندۈزنىڭ نۇرلۇق چوڭ چىرىغى ئۆچۈپ، كېچىنىڭ ئۇششاق چىراغلىرى يانغىنىنىمۇ، كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ بەسلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشكىنىنىمۇ سېزىشمىدى...

# بايرام كېچىسى

— ئىش - ئىش دەپ كېچە - كۈندۈز ئۆيدە ئولتۇر-مايدىغان گەپمىكەن؟ كۆتۈر مۇنداق تۇرمۇشنى!

ئادەتتە ياۋاش، ئوشۇق - تۆشۈك گېپى يوق ئېرىنىڭ بۇ گۈن پۇسۇڭكىدە مۇنداق گەپنى چىقىرىشى ئايشەمنى ھەي-ران قالدۇردى.

— ھەي دادىسى، نىمىگە خاپا بولۇپ كەتتىڭىز؟ مېنىڭمۇ بايرام كېچىسىنى باللار بىلەن خوشال ئۆتكۈز-گۈم بار ئىدى، فابرىكىمىز بۈگۈن باش ئىشچىلار ئۇيۇش-مىسى ئۆتكۈزىدىغان كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە قاتنىشى-شىمنى ئۇقتۇرغان، نائىلاج بارماقچىمەن.

ئايشەمنىڭ بىر ياققا بارماقچى بولغىنىنى ئاڭلىغان باللار چۇرقىراشتى:

— ئاپا، ئاپا دەيمەن، مەنمۇ بارايچۇ؟

— ئاپا، مېنى ئاپارغىنا!

— چۇرقىراشماڭلار، ئاپاڭلارنىڭ كۆڭلى بۆلەك بو-لۇپ قالدى، سىلەرنى كۆرەر كۆزى يوق.

— ۋىيەي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ، بۇنداق سېسىق گەپ قانداقمۇ ئاغزىڭىزغا كەلگەندۇ؟ خىزمىتىڭىزدە بولغان بىرنەچچە يىلدىن بېرى مېنى چۈشەنمىدىڭىزما!

ئايشەم شۇنداق دىدى - دە، ئۆپكىدەپ چىقىپ كەتتى.

«ئۆيلىماي گەپ قىلساڭ ئاغرىماي ئۆلىسەن» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ ئاچچىق سۆزى ئايالىغا قاتتىق تېگىپ كەتكىنىنى بىر ئورام تاماكا چېكىپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋالغاندىلا چۈشەنگەن تۇردى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۆيدىكى چۇرقىراشلار جىمىپ، ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە «مېنى تېخىچە چۈشەنمىدىڭىزما؟» دېگەن سۆز ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ سۆز ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئايشەمنىڭ ھەممىدىن سەھەر تۇرۇپ، تىنىش چىقارماي، ئوچاققا ئوت ياققىنى، سۇ توشۇغىنى، ھويلا ئارامنى سۇپۇرگىنى، چايدىن كېيىن چوڭىنى مەكتەپكە ماڭغۇزۇپ، كىچىكىنى يەسلىگە ئېلىپ كەتكىنى كەلدى. ئۇنىڭ يەكشەنبىدە دەم ئالماي نان ياققان، كىر يۇيغان، كىيىم تىككەن ئىشلىرى تۇردىنى تېخىمۇ بىئارام قىلدى. «ئۆزدىمىغۇ تېپىلغۇسىز خوتۇن، ئەممازە، كەچتىكى مەجلىس، مەدەنىيەت سارىيى دەپ كېتىدىغىنى... ھەي، شۇنىسى بالا بولدى...» ئۇنىڭ ئويىنى:

— دادا، دادا، قارىغىنا! — دېگەن چوڭ ئوغلىنىڭ ئاۋازى بۆلۈۋەتتى.

تۇردى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئارتىسنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ ئۇكىسىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن تېلېۋىزور قويغىنىنى بىلدى. تۇردى بۇنى كۆرۈشكە كۆڭلى تارتماي، ياتاق ئۆيگە چىقىپ كىتاب جازىسى ئالدىدا ئولتۇردى. ئەمما، كىتابمۇ ئۇنى جەلپ قىلالمىدى.

— دادا، دادا، تېز كىرگىنە، قارىغىنا ئاۋۇ ئاپامنى! — تۇردى ئىتتىك كىرىپ، ئېكرانغا قاراپلا قالدى. قاپقارا چاچلىرىنى ئاق خالاتلىق بۆك ئىچىگە يوشۇرغان،

ئاق يۇزلۇك مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن، كەڭ پېشانىسىدا شەبنەمدەك تەر تامچىلىرى يالتىرىغان، نېپىز لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان ئايشەم ئىستانوك ئالدىدا تۇراتتى. مانا ئۇ ئىككىنچى ئىستانوك ئالدىغا كېلىپ تەكشۈردى، ئۇ تۆت ئىستانوك ئالدىغا تېز - تېز باراتتى، يىپنىڭ توقۇلۇشىنى تەكشۈرەتتى، بىرەر ئىستانوكتا يىپ ئۈزۈلسە، دەرھال توختىتىپ ئاپئاق بارماقلىرى بىلەن تېز ئۇلايتتى - دە، يەنە ماڭغۇزۇۋېتەتتى.

— بۇ توقۇش سېخ ئىشچىسى ئايشەم، ئۇ يىللىق ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، غەلىبىسىرى ئالغا بېسىۋاتقان ئۆزۈن سەپەر زەربىدار، ئۇ سەككىز سائەتتە سەككىز مېتىر سارجا توقۇش ۋەزىپىسىنى ئون مېتىرغا يەتكۈزۈپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ياراتتى.

دىكتورنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاياغلاشقان هامان ئېكراندىكى كۆرۈنۈش ئۆزگىرىپ، كىتاب جازىلىرى كۆرۈندى. ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتقان ئىشچىلار، ئۇلارنىڭ قاتارىدا، بىر كىتابنى ئېچىپ قويۇپ، كۆز ئۈزمەي ئولتۇرغان ئايشەم جىلۋىلەندى. . . .

ئېكراندىن ئالقىش سادالىرى ئاڭلاندى، تۇردىنىڭ كۆزىگەئەمدى كەڭ زال، زالنىڭ تۆرىدىكى سەھنىدە ئولتۇرغان باشلىقلار كۆرۈندى. يىغىن باشقۇرغۇچى ئېلان قىلدى:

— هازىر ئۆيۈشمىمىز مەسئۇللىرى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىگە مۇكاپات تەقدىم قىلىدۇ. ئىسمى چىققانلار سەھنىگە چىقسا، ئايشەم. . . .

بۇ ئەزىز ئىسمنى ئاڭلىغان تۇردىنىڭ تومۇرلىرىدا

قانداقتۇر بىر ئىللىق ئېقىم ھاياجانى يامرىدى. مانا، ئاي-
شەم سىلىق قەدەملەر بىلەن سەھنىگە چىقتى، ئۇ مۇپپىدە
قىزارغان ئىدى، بىرباشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئايشەمنىڭ
ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئوڭ كۆكرىكىگە يالت ـ يۇلت قىلىپ
تۇرغان ئالتۇن مېدالنى تاقاپ قويدى. ئۆرە پېتى داڭقېتىپ
تۇرۇپ قالغان تۇردىنىڭ ئېكراندىن كۆزىنى ئۈزگىسى كەل-
مىدى. بالىلىرىنىڭ:

— ۋاھ، ئاپام قالتىسقۇ، باشلىق مېدال تاقىدى! —
دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ قەلب
دولقۇنلىرى ئۆركەشلەيتتى، يۈرەك ساداسى شۇنداق دەيت-
تى: «شۇنداق مۇھىم يىغىندىن توساپتىمەن. مەنزە، ئېھ
مېنىڭ جاپاكىشىم، مەن سېنى ئورۇنسىزكۇنلەپ يۈرۈپتى-
مەن. مەن توڭبالىقنى كەچۈرگىن!»

ئۇ ئەنە شۇنداق سىمابتەك ئېرىپ، بالىلىرىغا مېھىر
بىلەن قاراپ قويدى. بالىلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئۆز خۇشال-
لىقىنى قوشتى. ئۇ ئۆز رەپىقىسىنى تولۇق چۈشەنگەندى.

# قايماقچى

كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن، ئۆرىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. ۋېلىسىپىتنىڭ پىدالىنى كۈچەپ تەپسەممۇ، چاقى شەھەردىكىدەك يېنىك پىرقىرىمايدۇ، شەھەردىن چىققىنىمغا قانچە ۋاقىت بولدىكىنتاڭ! ئاقئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىم. ئالدىمدا ياپيېشىل ئېتىزلار كۆرۈندى، مىنىبۇسنىڭ «دۈت» قىلغان ئاۋازى بىلەن رولنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىدىم. چاقلار يۇمشاق غازاڭلار ئۈستىدە ئېغىر پىرقىراشقا باشلىدى. يولنىڭ چېتىدىكى ئۈچ قۇر دەرەخلەر چىرايلىق ياپراقلىرىدىن ئايرىلىپ، يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى، بۇ مەن ئىزدەپ كېتىۋاتقان قايماقچىنى ئەسلەتتى.

ھەپتە بۇرۇن كونا مەھەللەمگە تويغا بارغانىدىم، تويدىن چىقىپ، كونا ئاغىنىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرساق، بىر مىشكاپنى دۈمبىسىگە ئارتقان يەنە بىر ئاغىنىمىز كېلىپ قالدى. بىز قىزغىن ئەھۋاللاشتۇق. ئىككىمىز بالىلىقىمىزدىن تارتىپ بىر كوچىدا ئويناپ، بىللە ئوقۇغان ئاغىنىلەردىن ئىدۇق، كېيىن مەن ئالىي مەكتەپكە، ئۇ بىناكارلىق تېخنىكومىغا ئوقۇشقا ئۆتتۇق. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئاز ۋاقىت ئىشلەپلا يېنىپ كەلگەنىدى. چۈنكى، بىنا قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقىنىدا،

www.uyghurkitap.com

يىقىلىپ چۈشۈپ مېڭىسى زەخىملەنگەنىدى. ئۇ قايتىپ
كەلگەننىڭىياقى كىشىلەرگە كۆپ ئاربلاشمايدىغان، سالام-
لاشقانلارغا كۆلۈپلا قويىدىغان، كۆپ چاغلاردا دەرۋازىسى-
دىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ كۈننى كەچ قىلىدىغان، بارماق-
نەك موخوركا يۆگەپ ئۈزمەي چېكىدىغان بولۇۋالغانىدى.
بۇگۈندىكىدەك تويلارغا ئېيتسىمۇ كەلمەيتتى. ئەمما، ئۇ
مەن بىلەن خېلى ئوبدان سىردىشاتتى. ئۇ بۇگۈنگە قەدەر
ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتۈۋاتاتتى. مەن سورىدىم:

— ھىميت، مىشكاپىڭدىكى نېمە ئۇ؟

— ئاياغ كىيىم، — دەپ ئادىتى بويىچە ھىجايدى ئۇ.

— قانداق ئاياغ، ساتامسەن؟

— ھەئە، مانا كۆرۈپ بېقىڭلار، — ئۇ مىشكاپتىد-
كىنى يەرگە تۆكتى، - مانا قارا، يېپيېڭى، تۈنۈگۈن توپ
مال بازىرىغا بارسام مۇشۇنداق ئاياغدىن ئۈچ توپ تۇرۇپتۇ،
مەن قانچە دەپ سورىۋىدىم 50 يۈەن، دېدى. سودىلىشىپ
ئوتتۇز يۈەنگە ئالدىم.

يېڭى بولغىنى بىلەن يەكپاي ئاياغلار ئىكەن، ئارىمىز-
دىن بىرەيلەن پارىسىغا كەلتۈرۈپ، قىشلىق ئاياغدىن بىرنى
بەش يۈەنگە ئالدى، يەنە ئىككەيلەنمۇ ئالدى. بۇ سودىنىڭ
ئۈستىگە ئاق يۈزلۈك، نېپىز لەۋلىك، مەگزىلىرى ئانار-
دەك قىزىل، قاڭشار بۇرۇن، كېلىك كۆزلۈك بىر جۇۋان
كەلدى. ئۇ ئىنچىكە بېلىنى ئېگىپ ئېگىشتى. جۇۋان
ئۆزىگە ئوخشاش ئاپئاق، يۇمشاق يازلىق ئاياغدىن بىرنى
تاللىدى ۋە داق يەردە ئولتۇرۇپ تۇمشۇقى ئېچىلىپ ئىككى
يېنى ماكچىيىپ قالغان توپلىيىنى سالدى، تاپىنىغا ياماق

سىلىنغان پايپىقى ئۈستىگىلا تاللىغان ئاياغنى كىيدى، ئورنىدىن يېنىكلا تۇرۇپ يەرنى دەسسىدى. ئۇ زوقلاندى ۋە خۇشال هالدا سورىدى:

— ئەجەب ياراشتا، ۋاي - ۋاي، قۇيۇپ قويغاندەك كەلدا، قانچە بېرەي؟

— بەش يۈەندىن سېتىۋاتىمىز.

— ۋيەي، مېنىڭ بەش يۈەن پۇلۇم يوقتى.

— قانچە پۇلىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىماي تۇرالمىدىم.

— يېزامدىن ئىككى كۈندە بىر قايماق ئەكىرىپ ساتىمەن، ماڭا ئۈچ يۈەنلا قالدۇ. بۈگۈن، ئەتە قايناقسۇ ئىچسەكمۇ مەيلىتى، مۇشۇ ئۈچ يۈەنگە بېرىڭا ئاكا!

— كەم بولا، — دېدى ھىممەت.

— بەرسەڭا، باشقىلارغا بەرمىسەڭمۇ مۇشۇ ئايالغا بەرگىن، — دېدىم.

جۇۋان يالۋۇرغان هالدا ئۈچ يۈەننى تەڭلىدى. سالا - سالا بىلەن ھىممەت پۇلنى ئالدى. ئايالنىڭ كېيىك كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى - دە، ئولتۇرۇپ قالدى، ھەممىمىز ئەنسىرەپ قالدۇق.

— ۋاي ئاللامەي، ئېسىم قۇرۇسۇن، بۇ ئاياغنى مەن كىيىۋالسام قىزىم نېمە كىيىدۇ؟ ئۇ دېگەن مەكتەپكە باردىدۇ ئەمەسمۇ! ۋاي ئىستەي، ئەجەب خوپ كېلىۋىدا، پۇتۇممۇ يېنىكلەپ قالغاندەك بولىۋىدى. ھوي ئاكا مۇشۇ ئاياغدىن يەنە بارمۇ، بارلا بولسا، ئېلىپ قويىڭە...

مېنى بىئارام قىلغان ۋە ھەپتە ئىزدەتكەن ئىش مانا شۇ ئاق ئاياغ ئىشى ئىدى. ئامباردا ئىككى مىشكاپ كى-

يىم، ئىككى قەغەز يەشىكتە ئاياغ كىيىم چىرىپ ياتىدۇ. بۇ كىيىملەر يىرتىقمۇ، ياماق چۈشكەنمۇ، كىرمۇ ئەمەس. ئاغىنەم ساتقان ئاق ئاياغدىن كۆپ ياخشى، ھەر خىل پاسونلىرى بار تېخى. گۇناھى مودىدىن قالغان، قىزلىرىم مودا تاللىشىپ بىر - ئىككى كۈن كىيىپلا تاشلىغان، بۇ يېپيېڭى كىيىملەر مىشكاپ، قەغەز يەشىكلەردە قامىلىپ ياتىدۇ، مۇشۇ كىيىملەرنى بۇ جۇۋانغا بەرسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟! بۇ نىيىتىمنى ئىزھار قىلىش نىيىتىدە جۇۋانغا قارىسام كېتىپ قاپتۇ.

— ھەي قاي. . .

ئاپلا، بىر چىرايلىق جۇۋاننى ئەل - مەھەللە ئىچىدە « قايماقچى » دەپ چاقىرسام سەت بولار، شۇنىڭ بىلەن « ماقچى » دېگەن سۆزنى يۇتۇۋەتتىم. جۇۋاننىڭ ئىسمىنى سورىۋالمىغىنىمغا ئەپسۇسلاندىم. ھەپتىدىن بېرى ئۇنى ئىزدىدىم. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللەمگە نەچچە كەلدىم، ئۇچرىتالمىدىم. پەقەت جۇۋاندىن قايماق ئالىدىغانلاردىن ئۇنىڭ قايسى يېزىلىق ئىكەنلىكىنىلا بىلەلىدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ خەيرلىك سەپەرگە ئاتلانغانىدىم.

× × ×

كەينىمدىن جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازدىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن:

— ھوي ئادەم، يول بېرىڭ، — دېگەن زىل ئاۋاز خىيالىمنى بۆلدى. ئاچچىقىمدا:

— قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتسىڭىز بولمىدىمۇ؟ — دې-

ـدىم.

— قوڭغۇرىقى يوق، ئەمما بۇ ۋېلىسىپىتنىڭ ھەممە-يېرى قوڭغۇراق، شۇنچە جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلسىمۇ، ئاڭ-لىمايدىغان پاڭقايمۇ سىز؟!

تېرىككىنىمدىن ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم، يېنىمغا شۇنداق ئالىيىپ قارىدىم ۋە بوشىشىپلا كەتتىم. ئۇ مەن ئىزدىگەن قايماقچى ئىكەن ئەمەسمۇ!

— ھوي سىزمىدىڭىز؟

جۇۋانمۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى ـ دە:

— ھە مەن، ئادەممەن! كۆزىڭىزگە جىن كۆرۈندۈممۇ ـ يە. ئۇشۇنداق دەپ بىر تاتلىق كۈلۈمسىرىۋىدى، ئېرىپلا كەتتىم؛ ئۇنىڭغا سىپايىلىق بىلەن:

— سىڭلىم، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم.

— ئوھۇش، سىزنى نەدىن بىلەي، تولا گەپ قىلـ-ماي، يولىڭىزغا مېڭىڭ، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز، خىيا-لىڭىزدا ھېچكىم يوق بىر ئېتىمز، دەپ ئويلاۋاتامسىز! — سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەن ھېلىقى سىز ئاق ئاياغ ئالغاندا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىلگەنىدىم، سىزنىڭ ئاق ئاياغنى سېلىۋېتىپ، قىزىمغا. . .

— ھوي ئاكىسى، مېنىڭ نىمە ئەھۋالىمنى بىلەتتى-ڭىز، خام خىيال قىپسىز، مەن سىز ئويلىغان چۈپرەندى-لەردىن ئەمەس!

— مەن سىزگە يامان خىيالدا ئەمەس، قىيىنچىلىقى-ڭىز بارلىقىنى چۈشىنىپ سىزنى ئىزدىدىم.

— مېنى ئىزدەپ نىمە قىلاتتىڭىز ـ ھە؟ — دەپ قايماقچى ئەلپازىنى بۇزۇپ ماڭا دېۋەيلىدى. ئۇ تاتىرىپ

كەتكەندى. مەن هودۇقۇپ قالدىم، شۇندىمۇ ئۆزۈمنى بىسىپ:

— سىز. . . سىزگە ياردەم قىلىشقا ئىزدىگەن. مانا مۇنۇ، — دەپ ۋېلىسىپىتىمنىڭ كەينىگە غانجۇقلىغان مىشكاپنى كۆرسەتتىم، — كىيىملەرنى ئېلىپ چىقتىم.

— ھە ھېلىقى ئاق ئاياغتىنىمۇ، سىز سېتىقچى ئىكەن-سىز - دە.

— يا، ياقەي، ئۆيۈمدە بېسىلىپ قالغان كېيىم - كېچەكلەرنى سىزگە بىكارغا بەرگىلى ئىزدىگەنتىم.

قايماقچى ئەمدى پەرەڭدەك قىزاردى، ھەتتا قۇلاقلىرىمۇ قىزاردى. ئۇ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلەن شەھلا كۆزلىرىنى ياپتى - دە، ۋېلىسىپىتىگە مىندى. مەن ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويغىنىمنى بىلدىم، شۇندىمۇ كەينىدىن ماڭدىم. مەنمۇ بىر تەرساغادەممەن، قىلىمەن دىگەن ئىشىمنى قىلمىدىغان ئادىتىم بار، ئەگەر بولمىغاندا، مىشكاپ-تىكىنى ئېلىپ كەتسە بولاتتى. بىراق، ئۇ ۋېلىسىپىتىدىن «جاراڭ -جۇرۇڭ» ئاۋاز چىقىرىپ ئالدىمدا كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئاۋازنى بېسىپ چۇشكۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا دېدىم:

— ھوي سىڭلىم، مىشكاپتىكى كىيىملەرنىڭ ھەممىسى يېڭى، يەكپاي ئاياغتىن ياخشى، ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كېتىڭ، مەن قايتىپ كېتەي، بىز ھەممىمىز بىر ئەلنىڭ ئادەملىرى، قېرىنداشلار بولغاندىكىن ئىزاتارتىشنىڭ ھاجىتى يوق!

جۇۋان زۇۋان سۇرمىدى، پىدالنى كۇچەپ تېپىشكە باشلىدى. مەن يېتىشىپ ماڭىمەن دەپ تەرلەپ - پىشىپ كەتتىم. ھاۋا سالقىن دەپ قوشلاپ پوپايكا كىيىۋالغىنىمغا

تويدۇم، ئاخىرى بولماي جۇۋانغا يالۋۇردۇم:
— هوي سىڭلىموي، ئاستىراق ماڭسىڭىزا، يىتىشەلمەيۋاتىمەن.
— سىز بىلەن نىمە كارىم، ئۆزىڭىز ئاستا مېڭىڭ.
قايماقچى شاش بايتالدەك كەينىگىمۇ قارىماي چاپچىپ ماڭدى. مېنىڭمۇ تەرسالىقىم پۇتۇمغا كۈچ بەردى، پىدالنى تېز - تېز تەپتىم. قىرىشقاندەك يول بارغانچە ئۆرلەۋەردى، بۇيېرىغا كۆپ چىققانمەن، بۇنداق جاپادا ئەمەس، پىكاپىتا بىردەمدىلا چىقاتتىم، يېزا باشلىقى ئاغىنەمتى، شۇنىڭكىگىلا چىقاتتىم. بۈگۈن بولسا بۇ يولنىڭ ئاخىرى كۆرۈنەر ئەمەس.
قايماقچى بىر قورونىڭ ئالدىدا توختىدى، ئۇ قورو ئىچىگە كىرمەي تۇردى. مەن يېنىغا كەلگەندە:
— يامان ئادەمكەنسىز، ئاخىرى ئۆيۈمنى كۆرۈۋالدىڭىز، كەلگەن ئىكەنسىز ئۆيۈمگە كىرىپ، بىر چىنە قايناق سۈيۈمنى ئىچىپ كېتىڭ، — دېدى مىيىقىدا كۈلۈپ.
هەيرانمەن، يولدىكى توڭلۇقى نەگە ئۇچۇپ كەتكەندۇ، سۆزى يۇمشاق، تەلەپپۇزىدىن مېهماندوستلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. چىرايىدىمۇ ئىللىقلىق، يېقىملىقلىق بار. ئۇ خۇشخۇي هالدا هويلىسىغا باشلىدى. مۇزچىرايىنىڭ ئىللىق باهارغا ئۆزگەرگىنىگە بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي ئەيمىنىپكىنە هويلىسىغا قەدەم باستىم. قىرىغىنىدىن مۆكچىيىپ قالغان ئىككى ئېغىز ئۆي، كەڭ قورو، ئالما - ئۆرۈك دەرەخلىرى يالاڭاچلىنىپ قاپتۇ. پېشايۋاننىڭ ئورنىدا ئۇزۇم بارىڭى تۇرىدۇ، قايماقچى قاغجىراپ كەتكەن ئىشىكنى «غاچ» قىلىپ ئاچتى - دە:

— قېنى مېھمان ئاكا، ئۆيگە كىرىڭ، — دەپ تەكلىپ قىلدى. بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدىم. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرپارچە رەڭگىنى يوقاتقان، ياماق سېلىنغان پالاز سېلىقلىق تۇرىدۇ، بار - يوق سېلىنچىسى مۇشۇ ئوخشايدۇ. پالازنىڭ بىر چېتىدە سامان تەكىيگە يۆلىنىپ بىر ساقاللىق ئادەم ياتىدۇ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، قارىچۇقى ئارانلا يېنىپ تۇرىدۇ؛ بېشىدا شاپاق بۆك، ئۇچىسىدا ياماق سېلىنغان، ئەمما پاكىز خەسە كۆڭلەك؛ ئۇ كىشى مېنى كۆرۈپ بېشىنى تەكىيدىن كۆتۈردى. ئەمما بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان پۇت - قولى مىدىرلىمىدى، پەقەت كالپۇكلىرى مىدىرلىدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ زەئىپ ئاۋازدا سالىمىمغا جاۋاب قىلغان بولدى.

مەن ئىككى قولۇمنى كۆرۈشكىلى سۇندۇم، تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان قوللىرى مىدىرلىمىدى.

— ئولتۇرۇڭ مېھمان! — دېگەن زەئىپ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

يېنىدىلا ئولتۇردۇم ۋە ئەھۋال سورىدىم:

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— خۇداغا شۈكرى، مۇشۇنچىلىك بوپقالدىم، سىز ناھىيىنىڭ ھاكىمىمۇ؟

— يوقسۇ، مەن بىر ئاددىي ئادەم، يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىنى سوراپ كىرىۋىدىم، ئاغرىقكەنسىز.

ئاغرىق ماڭا سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئەجەبسىنىپ قارىدى. قايماقچى نەگىدۇر چىقىپ كەتكەنىدى:

— بۇ يېزىنىڭ باشلىقى مېنىڭ ئاغىنەمتى، ئۇزاق يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەنىدىم.
— ھە، ھە، — دەپ قويدى ئاغرىق.
مەن ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم، ئۆيدە نە ئۇستەل، نە تىزىقلىق چىنە ـ قاچا، ساماۋەر دېگەندەك نەرسىلەر يوق، كونا ساندۇق ئۇستىدىكى بىر نېمىلەر كونا ئەديىال بىلەن يېپىپ قويۇلۇپتۇ، بەلكىم ئورۇن ـ كۆرپە بولسا كېرەك. تام ـ تورۇسلىرى پاكىز، ئەمما بورىلىرى قارىداپ چىرىپ كېتىپتۇ. پالاز يەتمەي ئاق قالغان سۇپىنىڭ چۆرىسى سىپ-تا سۇۋۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ سۇس سېرىق رەڭگىگە قاراپ قاي-ماقچىنىڭ كالا پوقى بىلەن سېرىق توپىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاپئاق ئالقىنى بىلەن سۇۋىغىنى ئېنىق. ئۆي كونىراپ ماكچايغان بىلەن سەرەمجان، ئىللىق كۆرۈندى.
چۇرۇقلىشىپ ئىككى قىز، بىر ئوغۇل ئۆيگە كىرىپ كەلدى. قىزلارنىڭ چوڭى 12 ـ 13 ياشلاردا، كىچىكى توققۇز ياشلاردا بولسا كېرەك، ئوغلىنى يەتتە ياشتا كۆر-دۈم، كۆزۈم چوڭ قىزىنىڭ پۇتىغا چۈشتى، ھە، ھىممىت سانتقان، مېنى بىر ھەپتە ئاۋارە قىلغان ئاياغ مۇشۇ. قىز-نىڭ پۇتىغا لىققىدە كەپتۇ. قىزلار ئاتىغا، ئوغۇل ئانىغا تارتىپتۇ. كىيىملىرى پاكىزكەن ۋە لېكىن ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە بىلىنمىگۈدەك ياماق چۈشۈپتۇ. باللار مېنى كۆ-رۈپ ھېيىقتى بولغاي، جىم بولۇشۇپ قالدى. كېيىن ئوغۇل بالا ئالدىمغا كېلىپ سالام بەردى ۋە ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ھە، مەكتەپتىن كېلىشىۋا-لارمۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھەئە.

— سەن نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىسەن؟

— مەن 1 ـ سىنىپتا، چوڭ ھەدەم 5 ـ سىنىپتا، كىچىك ھەدەم 2 ـ سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

— ۋاھ، يارايسىلەر.

— دادا، بۈگۈن ئەھۋالىڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى چوڭ قىز مېھرىبانلىق بىلەن.

— ياخشى قىزىم، — دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغان قىز:

— مەن ئاپامغا قارىشىۋېتەي، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ئوغۇل دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. كىچىك قىز دادىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، پۇتىنى تۇتۇپ، ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. بالىلارنىڭ دادىغا بولغان مېھرىبانلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. «ھىم، تەربىيە كۆرگەن بالىلار ئىكەن. بۇ بىر پارچە نانغا زار، كېسەلگە خار بولسىمۇ، ئىللىق، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان ئائىلىكەن»، دېگەن ھېسسىياتتا ئولتۇردۇم. قاپاق چۆگۈندە قولۇمغا سۇ ئېلىندى، ئۇستەل قويۇلدى. قايماقچى بىر ئاقنانىنىڭ ئۇستىگە تۆت زاغرا پومنى قويغان ھالدا كىرىپ، نانىنى ئۇستەلگە قويدى:

— ئەجەبلەنمەڭ مېھمان، ئەتىيازدا بۇغدىيىمىز چىرىش كېسەلگە ئۇچراپ كەتتى، ئورنىغا قوناق تېرىغاندۇق، ئەپۇ قىلىڭ، شۇڭا بىز زاغرا نان يەۋاتىمىز، مۇنۇ ئاقنانىنى يان قوشنامدىن ئاچىقتىم. «يان قوشنا ـ جان قوشنا» دېگەندەك بىزگە ھامىيلىق قىلىدۇ.

— پاھ، ئاپا بۇگۈن قايناقسۇ ئەمەس، چاي ئىچىدى-
كەنمىز - دە، بەك ئوبدان!

— ھەئە، بۇگۈنكى قايماقنىڭ پايدىسىغا چاي ئېلىپ
چىقتىم، — دېدى قايماقچى ۋە ماڭا قاراپ تەكلىپ قىلا -
دى، — قېنى چاي ئىچىڭىز مېھمان!

قايماقچى ئاقنانىنى ئۇشتۇپ، ئالدىمغا سۇرۇپ قويدى
ۋە بىر پارچىسىنى ئۇششاق ئۇشتۇپ، مېنىڭ چىنەمگە
سالماقچى بولدى.

— رەھمەت، مەن تەگكۈزۈپ ئىچەي، — دەپ تو-
زۇت قىلدىم.

— قايماقلىق چاي ئېتىپ بېرەي دېسەم قوشنام
سۇتنى پىشۇرۇۋېتىپتىكەن، ئەمدىلەتىن قايماق تۇتۇۋېتىپ-
تۇ. ئۇنى بۇزسا مەن ساتىدىغان قايماق تۇتمايدۇ. رەنجى-
مەيسىز، كەمبەغەللىك دۇشمەنكەن، ھەتتا توي - تۆكۈن-
گىمۇ ئارىلىشالمايمىز.

— سىز قايماقنى قوشنىڭىزدىن ئېلىپ ساتامسىز؟

— ھەئە، — دېدى قايماقچى ماڭا سالماقچى بولغان ناننى
باشقا چىنىگە سېلىپ، ئۇستىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — مۇنۇ
بالىلارنىڭ دادىسى ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇچ كالا،
بىر ئېتىمىزنى سېتىپ داۋالاتتىم. دوختۇرخانا دېگەنگە
پۇل توشۇمايدىكەن، ئۆيدىكى قولغا چىققۇدەك نەرسە -
كېرەك، ھالقىلىرىمنىمۇ سېتىپ تۈگەتتىم، ھېچ نەرسى-
مىز قالمىغان، يېرىمىزمۇ ئاق قالغاندا، مۇشۇ يان قوش-
نىمىز ياردەم قولىنى سۇندى. يېرىمىزنىڭ يېرىمىنى بىز-
گە تېرىپ، بېقىپ، يىغىپ بېرىدىغان بولدى. بۇلتۇردىن
بېرى بۇ يېمىكىمىزگە دالدا بولۇپ كەلگەنىدى، يىقىلغان-

نىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بۇ يىل كۆزگى بۇغداي يىلتىزى-
دىن چىرىدى. ئۇلار يەنە قوشىنىدارچىلىق قىلىپ قوناق
تېرىپ بەردى، چاي ـ تۇز پۇلى بولۇپ قالار دەپ، قايمىقى-
نى سېتىشىمغا بەردى، بالىسىنىڭ كونا ۋېلىسىپىتىنى
تۈزەشتۈرۈپ بەردى.

ئۇ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاچ، ئېرىنىڭ بېشىدا ئولتۇ-
رۇپ ياغاچ قوشۇقتا نان يېگۈزۈشكە كىرىشتى.

— قوشنىڭىزنىڭ كالىسى كۆپمىدى؟

— ھە، ئۇلارنىڭ بۇرۇن موزايلىق ئۈچ سىيىرى،
ئون يەتتە قويى بار ئىدى، بىزنىڭ سىيىرلىرىمىزنى سېتىۋ-
ۋالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ تراكتور، كومبايىن، ئۇرۇق چې-
كۈرۈش ماشىنىسى، 120 قويى بار، ئۇلار مۇشۇنداق بې-
يىپ، يېڭى ئۆي سالدى.

— ئۇلار قانداقلارچە بېيىپ كەتتى؟

— ئەمگەك قىلىپ، — دېدى قايماقچى، — باقاند-
دەك بەش ئوغۇل، بەش كېلىنى ئىشلەيدۇ، بىرى تراكتور
بىلەن كومبايىننى ھەيدەيدۇ، بىرى باقمىچىلىق قىلىدۇ،
قالغىنى ئېتىز ئىشلىرىغا قارايدۇ.

— بولدى، تويدۇم، — دېدى ئەر.

— ئېرىڭىز نېمە سەۋەبتىن پارالىچ بولۇپ قالغان؟

— ھاشاردىن.

— ھازىرمۇ ھاشار بارمۇ؟

— بۇرۇنقىدەك كۆپ ئەمەس، — دېدى قايماقچى
ئۆزىگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — بۇ ئادەمنى ياۋاش بىلدىمۇ
ياكى ئىشچان كۆردىمۇ، ھە دېسىلا ئۆستەڭ چېپىش، زەي-
كەش كولاشقا ئوخشاش ئىشلارغا كەچ كۈزلەردە سېلىۋەر-

دى، بۇ ئادەممۇ كالىدەك مۆرىمەي ئىشلەۋەردى. ھاشار يوق چاغلاردا دۆينىڭ سۆيىنى تۆتتى. دائىم سۇدا، زەيدە ئىشلەۋەرگەچكە، پۇتى باسماس، قولى تۇتماس بولۇپ قال-دى، يەنە كېلىپ قانداق چاغدا دەڭا، يەرلەر كۆتۈرە بېرد-لىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، بىز راسا قەددىمىزنى رۇسلاۋات-قان ۋاقتىمىزدا بۇ كېسەل يۇقتى.

— كەنت ياردەم بەرمىدىمۇ؟

— ئىككى يىلدەك داۋالىنىشقا پۇل بەرگەن بولدى، كېيىن كەنتىمىز كەمبەغەل بولغاچقا ياردەم قىلالمىدى.

— مەنچە كەنتىڭلار باي كەنت ئىكەن، يېڭى ئۆيلەر كۆپ ئىكەن، كەنت كەمبەغەل بولسا، بۇ يېڭى ئۆيلەر نەدىن كېلىدۇ؟

— سىز كۆرگەن ئۆيلەر ئالدىن بېيىغانلارنىڭ ئۆي-لىرى، — دېدى قايماقچى بىر بۇردا زاغرىنى چايناپ تۇ-رۇپ، — سىز كۆرگەن پېشايۋانلىق، خىش بىلەن پەتنۇس چىقارغان، گەرنىزىگە گۈل خىش قويغان ئۆيلەرنىڭ ھەم-مىسى شۇلارنىڭ. . .

— سىلەرمۇ كەلگۈسىدە مۇشۇنداق ئۆيلەرنى سالى-سىلەر.

— ھەي، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئاغرىق ئەر، — مەن ساق بولغان بولسامغۇ سالار ئىدىم، ئەمدى گۆرگە كىرگەندە سالىدىغان ئوخشايمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ ئۇكا، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، سىز ياشكەنسىز، ساقىيىپ كېتىسىز.

— بۇ نىيىتىڭىزگە رەھمەت، — دېدى قايماقچى باللارغا يەنە چاي قۇيۇۋېتىپ، — بۇ كىشى ساقىيىپ،

www.uyghurkitap.com

قەرزنى تۆلىگۇچە قېرىپمۇ كېتەرمىز. بايا سىز كاتتا ئۆي-لەرنى كۆرۇپ، «بېيىغان كەنت» كەن دېدىڭىز. ناھىيە-شەھەردىن چىققان باشلىقلار مۇشۇ ئۆيلەرنى كۆرۇپلا، «ئالدىن بېيىغان كەنت» دەپ باھالىشىدۇ، بىزگە ئوخشاش گەممەدەك ئۆيلەردە ئولتۇرغان 140 ئائىلىنى كۆرمەيدۇ.

گەپ سوراۋەرسەم قايماقچى چاي ئىچەلمىگۇدەك، شۇ-نىڭ بىلەن ئاغزىمغا قۇلۇپ سالدىم. بىر پارچە ئاق ناننى قولۇمغا ئالدىم، كۆزۇم ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان ئوغۇلنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، بۇ سەبىينىڭ كۆزى ئاق-ناندا ئىدى. مەن قولۇمدىكى ناننى ئوغۇلغا سۇندۇم، ئۆ-زۇم زاغرىدىن بىر پارچىنى ئالدىم، ئوغۇل:

— سىز دېگەن مېھمان، بۇ ئاقناننى ئەتەي بىر باشلىق كەلگەنتى، دەپ سىز ئۇچۇن ئەچىققان، — دېدى.

— ياق، مەن باشلىق ئەمەس، ئادەتتىكى ئادەم. . . يەۋەرگىن ساقام، زاغرا ناننى بىز بىر ئەۋلاد يەيلىكى، سىلەر يېمەڭلار، مۇنداق ئاپئاق، سۇت بىلەن ئەتكەن نان يەڭلار.

گېپىم ئاتا ـ ئانىغا تەسىر قىلسا كېرەك، كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى. ئاق ئاياغ كىيگەن قىز ئالدىراپ چاي ئىچىۋاتاتتى، ئۇ مەكتەپكە ئالدىراۋاتسا كېرەك.

— ئاپىي، قارا، مېنى مۇئەللىم دوسكىغا چىقاردى. « ب » نى يازىمەن دەپ « پ » ھەرپىنى يېزىپ ساپتىمەن. « ۋىلىق ـ ۋىلىق » كۇلكە كۆتۇرۇلدى. كىچىك قىز:

— دادىي، ساڭا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق، مېھ-راي ھەدەم مەكتەپ بويىچە تەقدىرلەندى.

— ئەلاچى بوپما؟ — دەپ ھاياجان بىلەن سورىدى

قايماقچى.

— تېپىۋالغان جىق پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر-دى، دەپ.

— ۋاھ، قاچان، قانچىلىك پۇل تېپىۋالغانتىڭ؟ — دەپ قايماقچى خۇشاللىق بىلەن سورىدى.

چوڭ قىز ئىزا تارتىپ ئۇستەلدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن هالدا:

— 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەكتەپكە كېتىۋاتسام بىر سومكا يولنىڭ چېتىدە تۇرىدۇ ئېلىپ قارىدىم، ئىچىدە 2700 يۈەن بار ئىكەن، ئۇنى سىنىپ تەربىيىچىمىزگە تاپشۇرغانتىم، — دېيەلىدى.

— تولىمۇ ئەقىللىق ئىش قىپسەن، پۇل ئىگىسى قانچە خۇش بولۇپ كەتكەندۇ؟ — دېدى قايماقچى.

— خۇشاللىقىدا ماڭا رەھمەت ئېيتتى، ماڭا 200 يۈەننى سۆيۈنچە دەپ بېرىۋىدى، مەن ئالمىدىم.

— ئوبدان قىپسەن قوزام، خەقنىڭ هەققى ئەسقات-مايدۇ.

بالىلار چېيىنى ئىچىشىپ بولدى، مەن دۇئا قىلدىم. بالىلار تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى:

— دادا، ئاپا، مەكتەپكە ماڭدۇق.

— ياخشى ئوقۇڭلار بالىلىرىم.

قىزنىڭ شۇنچە كۆپ پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر-گىنى مېنى لەرزىگە سالدى، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام هېچكىمگە تىنماي ئاغرىق ياتقان دادىنى داۋالاتقان بولاتتىم. بۇ ئىشنى كىشىلەر ئاڭلىسىمۇ «تېپىۋاپتۇ، ئاغرىق دادى-سىنى داۋالىتىپتۇ» دەپ ئەيىبلىمىگەن بولاتتى. ياماق

چۈشكەن كىيىم كىيىپ، زاغرا بىلەن قايناق سۇ ئىچىپ يۈرگەن بۇ سەبىي قىز نېمەدېگەن ئالىيجاناب ــ ھە! مەن بۇ قىزنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدىن، خۇشاللىق، شادلىق كەتمەيدىغان كەمبەغەل ئىللىق ئائىلىدىن ھۇزۇرلاندىم، ئۇلارغا زوقلاندىم.

ئۆيدىن چىقىپ، مىشكاپنى يەشتىم، ئۆيدىكىلەر دەزماللاپ، چىرايلىق قاتلاپ، سۇلياۋ خالتىلارغا سېلىپ قويغان كىيىملەرنى بىر دەستە قىلدىم. ئاياغ كىيىملەرنى مىشكاپ بىلەنلا كۆتۈرۈپ كىردىم، قايماقچى ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن. پۇلنى ئالماي قالمىسۇن دېگەن نىيەتتە 200 يۈەن پۇلنى كۆڭلەك ئارىسىغا تىقىپ قويدۇم ــ دە، كىيىم ـ كېچەكلەر دەستىسىنى ئۇستەلگە قويدۇم ۋە:

ــ بۇلار ھەدىڭىزنىڭ سوۋغىتى ئىدى، باللار كىيسە راسا يارىشىدۇ، ــ دېدىم.

قايماقچىنىڭ يۈزى يولدىكىدەك قولاقلىرىغىچە قىزاردى، ئېرىمۇ قىزاردى. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشنى كۆرۈپ قوبۇل قىلغىنىنى بىلدىم، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى. ئاستا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

لېكىن، بۇ ئائىلىدىكى ئاق كۆڭۈل، ساپ نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ سىيماسى قەلبىمگە نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ قالدى.

# نورۇز ئېشى

زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ھەر يىلى نورۇز يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئاپام رەھمەتلىك نورۇز ئېشى ئېتەتتى، ئۇنىڭ چۇچۇمەل تەمى ھازىرغىچە تىلىمدىن كەتمەيدۇ.

ئاپام بۇ نورۇز ئېشىنى تەييارلاشقا كۆپ ئەجىر سىڭ-دۇرەتتى. چىللىنىڭ يەتتىسىدىن تارتىپ بۇغداينى ئۇندۇر-مە قىلاتتى. توققۇزىنچى چىللە كىرگەندىن كېيىن قېتىق ئۇيۇتاتتى، ئاندىن ئۇندۇرمە بولغان بۇغداينى پىشۇرۇپ قېتىققا ئارىلاشتۇرۇپ كوزىغا سېلىپ دۇملەپ قوياتتى، ئۇندۇرمە بولغان بۇغداي كۆپۈپ، يېرىلىپ يۇمشاپ، بۇغ-داي تەمى بىلەن قېتىق تەمى قوشۇلۇپ، يېپىشلىك نورۇز ئېشى بولاتتى. بۇ تائام كۇجە دەپمۇ ئاتىلاتتى. كۇجە ئېچى-لىپ بولغاندىن كېيىن دادام نورۇز مەشرىپىگە ماڭاتتى. ھەدەملەر خۇشال چېھرىلىرى، شادىمان ىېقىشلىرى بىلەن تالادىن ئۆيگە، ئۆيدىن تالاغا سىلىق مېڭىپ داستىخاننى يېڭىلايتتى. داستىخىنىمىز پىشۇرۇلغان گۆش، پوشكال، بوغۇرساق، سامسا، يەل ـ يېمىش، قۇرۇتلار بىلەن توشات-تى. ئاندىن يەنە ھەممىمىز ئولتۇرۇپ ئەتكەن چاي ئىچكەچ تائاملارنى يەيتتۇق، ئىسسىق ئۆيىمىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتەتتى. ھەدەملەر تاماق يېگەچ يۇمشاق، زىل ئاۋازدا پاراڭلىشاتتى، بىر چاغدا ئاغىچا ھەدەم:

— پاتەم ئاغىچا، دۇتارلىرى بوينىنى قىسىپ قالا-
دىغۇ، — دەيتتى.

ئاپام تامدا ئېسىقلىق تۇرغان دۇتارنى ئالاتتى، ساز-
لانغان دۇتار ئاپامنىڭ بارماقلىرى تەگكەن ھامان سايراپ
كېتەتتى. ئاپامنىڭ قەلبىدىن باھار ھىدى ئۇرغۇپ، كۆ-
ڭۈل بۇلىقىدىن ئۇنچە - مەرۋايىت چېچىلاتتى:

كۇجە ئەتتىم پەم بىلەن،
ئارپا، بۇغداي - يەم بىلەن.
يەپ - ئىچىڭلار ھەي قىزلار،
بىزنى باسسۇن غەم دېمەي.
ھەي - يارەي، ھەي - جانەي،
ئويناپلى يەپ كۇلەيلى، ھەمدەم بولايلى.

ئاپام مۇشۇنداق بىر قاتار باھار ناخشىسىنى ئېيتىپ،
بىردىن شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكەيتتى. قەمەر ھەدەم
ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپامغا ئەگىشىپ تەزىم قىلاتتى - دە،
قوللىرىنى يېيىپ، سىلىق، لەۋەن ئويناشقا باشلايتتى. ئۇ
ئۆينى لەرزان ئايلىنىپ، ئىككى تەرىپىگە جۇلا تاشلاپ
ئويناپ بانۇم ھەدەمنى ئۇسسۇلغا تارتاتتى:

گۇلمىكەنۇ، گۇلمىكەن،
توزۇماس بىر گۇلمىكەن.
نى - نى گۇللەر توزۇغاندا،
سېنىڭ گۇلۇڭ نېمىكەن.
ئاق لەيلى قىزىل لەيلى مەشۇغۇمەي،
يارەي ئاشىغىمەي،
كىمنىڭ يارىسىز لەيلى مەشۇغۇم.

ئۆيىمىزدە مۇشۇنداق مەشرەپ بولغاندا، خۇشاللىقتىن

قىن - قىنىمغا پاتماي كېتەتتى.
بىر كۈنى ئاپامدىن سورىدىم:
— ئاپا نېمىشقا ھەر يىلى مۇشۇ كۈندىلا كۆجە ئىچىمىز؟
— يېڭى ياشقا كىرگىنىمىز ئۈچۈن، — دېدى ئاپام، — بۇ كۈنى يەرگە ئۇرۇق چېچىلىپ ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىنى ئويلاپ، ئۈچ كۈندىلا ئالا قالماي كۆكلەپ چىقىدۇ. بۇغداي ئۈندۈرمىسىدىن كۆجە پىشۇرۇپ ئىچىشىمىزنىڭ مەنىسى شۇ، شۇڭا كۆجىنى نورۇز ئېشى، دەيمىز.
— كۆجە ئىچىپ بولۇپ، داستىخانغا ھەر خىل تائاملارنى تىزغىنىڭچۇ؟
ئاپام ئېرىنمەي چۈشەندۈردى:
— بۇنىڭچۇ قارا، نېمە دېسەم بولار، ھە، مول ھوسۇل ئالىدىغىنىمىزنىڭ بەلگىسى دېسەم بولار. ئېيتايلۇق، گۆش - مېلىمىزنىڭ كۆپىيىشىنى، نان - بۇغدىيىمىزنىڭ ئوخشىشىنى، يەل - يېمىش بېغىمىزدىكى مېۋىلەرنىڭ مول بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مانا، بۈگۈن سەھەردىلا دادىڭ بىلەن ئاكاڭ يەر ھەيدەپ ئۇرۇق سېلىش ئۈچۈن ئېتىزغا كەتتى.
— ئەمىسە دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغىنىڭلارچۇ؟
— بولدىلا، سوراۋېرىپ بېشىمنى قوچۇۋەتتىڭغۇ، — دېدى ئاپام تېرىككەندەك بولۇپ، — بۇچۇ، مول ھوسۇل ئالغىنىمىزنىڭ خۇشاللىقى.
— دادام بوغداينى بۈگۈن تېرىۋاتسا، نەنىڭ ھوسۇلى بولسۇن!

— ھە، بۇنى، بۇ يىلقى باھارغا بولغان ئۈمىدىمىز، دېسەم بولار.

مەن شۇندىلا كوچە ئىچىشنىڭ مەنىسىنى بىلدىم.

ئاپام دېگەندەك قاناتلىرىنى كېرىپ باھار كەلدى، يەر كۆپتى، جاھان ئاق كېپەننى تاشلاپ يېشىل تون كىيىشكە، قۇشلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى.

مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كېتىپ ئۇدا تۆت يىل كوچە ئىچەلمىدىم. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ يەنە ئىچىدىغان بولغانىدىم، بىراق بىر كۈنى ئاپام ئەجەبلەنگەن ھالدا سوراپ قالدى:

— ھوي بالامۇي، بۇ قانداق زامان بولۇپ كەتتى؟!

— كونىلىقنى يوقىتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى!

— ھە، بۇ جۇۋاينىمەكلەر جاھاننى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتسىمۇ، پادىشاھنىڭ چاتىقى بولمامدۇ!

— ئەڭ يامىنى ئاپا، ئەمدى كوچەڭنى ئىچىپ، بەزمە قىلالمايدىغان بولدۇق، دۇتارىڭنى تىقىپ قويغىن.

— نېمىشقا ھوي بالام؟

— بەزمىنى كونىلىق، فېئودالىزملىق ئۆرپ - ئادەت، دەۋاتىدۇ.

— توۋا قىلدىم ئىگەم...

ئايلار، يىللار كەينى - كەينىدىن ئۆتتۈۋاتىدۇ، بۇ تولىمۇ ئەنسىز ئاي، يىللار بولدى...

نورۇز كەلگەن كۈنى ئاپام ماڭا بىر چىنە كوچىنى تۇتقۇزۇپ:

— ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئىچىۋال! — دېدى.

ھە مانا، ئاپام قىزىل باتۇرلارنىڭ ئۇرۇش، چېقىش،

پىپەن قىلىشىدىن قورقماي يەنە كوجە پىشۇرۇپتۇ ـ دە.
شۇ تاپتا ئاپام كۆزۈمگە جاھالەت ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان
يۇلتۇزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. كوجە تېخىمۇ تەملىك تېتىپ
كەتتى. كوجىنى ئىچىپ بولۇپ چىنىنى يالاۋاتقىنىمدا دۇ-
تارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. دەرھال چىقىپ دەرۋازى-
نى ئىچىدىن تاقىۋەتتىم. ساراي ئۆينىڭ ئىشىكىنى قىيا
ئېچىپ قارىسام، ئاپام بۇلۇڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق
پەدىگە چېلىۋاتقانىكەن. بۇ ئۆزىنىڭ خەستە كۆڭلىگە شىپا-
لىق دورا سەپكىنى بولسا كېرەك، قىزىل باتۇرلارنىڭ
چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان دادامنىڭ غېمى ۋە ئەندىشىلەر
ئۇنىڭ يۈرەك بېغىشىنى يەتتە يىل تىترەتكەنىدى. بىردىن
لەرزان ناخشا ئاۋازى ئۆيدە ياڭرىدى:

گۈلەمخاننىڭ ساچى ئۇزۇن، يەرگە تېگەمدۇ،
ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەرگە تېگەمدۇ.
قويلىرىمنى ھەيدەۋەتتى ئويمان بۇلاقتا،
گۈلەمخاننى زورلاپ بەردى شاڭيۇ چولاقتا.

مەن چوڭقۇر بالىلىق مۇھەببەت ۋە ئەلەم بىلەن ئاپامغا
قارىدىم، بېشىغا ئارتقان ياغلىقى ئاجىز مۈرىسىگە چۈشۈپ
قاپتۇ، ئورۇق گەۋدىسى پۈكلىنىپتۇ. يۈزلىرىنى قورۇقلار
قاپلاپتۇ، بۇ يەتتە يىلنىڭ ئۇنى ۋاقىتسىز قېرىتقىنىنى
چۈشەندىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىملا كوجە ئىچەلىدىم،
ئۇنىڭدىن كېيىن كوجە كۆرمىدىم، چۈنكى كوجە پىشۇرۇپ
بېرىدىغان ئاپام ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەڭگەم

يەڭگەمنىڭ غەلىتە بىر مىجەزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى تولىمۇ بىزەپ، بولغاچقا، ھەدىسىلا ئۆزىنىڭ دىتىغا ياقمىغان ئانچىكىم ئىشلار ئۈستىدە قوشنا ـ قولۇملارنى سەت تىل ـ ئاھانەتكە كۆمىۋېتەتتى، بەزىدە ئاكامنىمۇ:

— «ھۇ ئاقچى دەيۈز، كۆكچى پىسەندە! . . .» دەپ تىللاپ كۈن بەرمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ يامان مىجەزىدىن ھەممە بىزار ئىدى. يەڭگەمنىڭ مۇشۇ قىلىقىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېچكىم كىرمەيتتى، قوشنا ـ قولۇملارمۇ كىرمەيتتى.

بىر كۈنى ئاكامنى ئىزدەپ بېرىپ قالدىم، يەڭگەم ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋېلىپ، ئىنچىكە بوينىنى سوزۇپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە ھەدەپ تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ تىلىغا ئالغۇسىز سەت تىللىرىغا كىشى چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئېتىز ئىشىدىن ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەن ئاكام بېشىنى چۆكۈرۈۋېلىپ، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا چىنىسىدە سوۋۇپ قالغان ئەتكەنچاينى سۈمۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— كەل، ئۇكام، جوزىغا كەل، — ئاكامنىڭ دېگەن گېپى شۇ بولدى. يەڭگەم ماڭا قاراپمۇ قويماي، ھەدەپ سەت تىللار بىلەن تىللاشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. يەڭگەمنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق تىلىغا زادىلا چىدىيالماي قالدىم.

مەنغۇ مەيلى، ئاكامغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. يەڭگەمنىڭ تىل - ئاھانىتى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەندەك قىلاتتى. مەھەللە - كويدىكىلەر، ئاكامنىڭ ئاغىنىلىرى يەڭگەمنىڭ مۇشۇ ئازازۇللۇقىدىن قېچىپ ئۆيگە زادىلا يولىمىغاچقا، ئۇ، ئۆزىنى بەكمۇ تەنها، يەككە - يېگانە ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تۆۋەن، مىسكىن كۆرۈنەتتى. مانا بۇلارنىڭ سەۋەبچىسى يەڭگەم ئىكەنلىكىنى، يەڭگەمنىڭ مۇشۇ مىجەزى ئوڭشالماي، ئاكامنىڭ كۈنى ئوڭشالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆيدىن يېنىپ چىقتىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ يەڭگەمنىڭ مۇشۇ مىجەزى تۈپەيلىدىن ئاكام بىلەن يەڭگەم ئاجراشماقچى بولۇشقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەگەرئارىلاشمىسام يىگىرمە يىللىق تۇتقان ئۆي - جاھانى بۇزۇلۇپ، بەش بالىمۇ يېتىم بولۇپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى. «مانا كوزا كۈندە ئەمەس، كۈنىدە سۇنىدۇ» دېگىنى كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋاتامدۇ، كۆڭلۈمگە «گۈپپىدە» بىر ئەقىل كېلىپ قالدى. كەنت باشلىقىغا مەسلىھەت سالدىم. ئۇ، كۈلدى، ئاخىرى مەسلىھەتىمگە قوشۇلدى. بىر كېچىسى، ئاغىنەمنىڭ «كېسەك» ئۈنئالغۇسىنى ئېلىپ، يەڭگەمنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇنىڭغا چاندۇرماي «كېسەك» ئۈنئالغۇنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ قايتىپ چىقتىم، مەن خېلى يەرگە بارغۇچە ئۆي ئىچىدە يەڭگەمنىڭ ئاكام بىلەن مېنى قوشۇپ تىللاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. . .

ئۈچ كۈن ئۆتتى، كەچتە، كەنت بويىچە مەدەنىيەت ئۆيىدە يىغىن ئېچىلدى. كۆپچىلىك بىلەن تەڭ ئاكام بىلەن يەڭگەممۇ چاقىرىلدى. يول بويى يەڭگەم:

— مېنى نېمىدەپ يىغىنغا چاقىرىشاتتىڭ قارايۇز، نائەھلى، دەيۇزلەر، مەن ئەمدى بۇ مەھەللىدىن كېتىمەن، قىلىشارسەن ئىت يالىقى بولۇشۇپ ··· — دەپ ئاغزى بىسىلماي ئاكامنى تىللاپ كەلدى. مەدەنىيەت ئۆيىگە كۆپچىلىك يىغىلىپ بولۇشى هامان كەنت باشلىقى «كېسەك ئۇنئالغۇنى» قويۇپ بەردى. ئۇنئالغۇدىن غەيرىي بىر ئاۋاز ياڭرىدى:

— «ئەدەپلىك ئايال پەزىلىتىنىڭ ياخشى بولۇشى بىلەنلا ئەل - يۇرتقا ياقىدۇ، نۆۋەتتە سوفىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باها بېرىڭلار! ···»

كۆپچىلىك هەيران بولدى. هەممە جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنئالغۇدىن يەنە قانداق گەپلەر چىقاركىن دېگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. ئۇنئالغۇدىن سوفىيەنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— «هۇ، مەككار، زەھەرخەندە مەخلۇق، هايۋان، توڭگۇز، قاپاق باش، بەز يېگەن مۇشۇكتەك كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ، يۈندىخورلۇق قىلىپ···»

يەڭگەمنىڭ تىل - ئاهانىتى، سەت تىللىرى يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. مەدىنىيەت ئۆيىدىكى خوتۇن - قىزلار نومۇستىن بېشىنى تۆۋەن سالــدى. چوڭلار بولسا؛ «··· ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ خوتۇننىڭ بىشەم تىلىنى! » دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى. مەن يەڭگەمگە «يالت» قىلىپ قارىدىم. ئۇ بەزگەكتەك تىترىدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۆز قولىقىغا ئىشەنمىگەندەك بىردە ئۇنئالغۇتەرەپكە، بىردە كۆپچىلىككە قاراپ ئاندىن نومۇستىن يەرگە قارىۋالدى. ئاخىرى ئورنىدىن قوپۇپ يۈگۈرگىنىچە تالاغا

ئۆزىنى ئاتتى. «ئۇھ!» دەپ يېنىك نەپەس ئالدىم. چۈنـ
كى، يەڭگەمنىڭ بۇگۈن نومۇستىن ئۆزىنى دالدىغا ئالغىـ
نىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭغىچە يەڭگەمگە
كۆرۈنمىسەم، بىر كۈنى ئاكام ئۆيىمىزگە خۇشال كىرىپ
كەلدى.

— قارا ئۇكا، يەڭگەڭنى ئۇن قىزغا بەرگۈسىز جۇـ
ۋان دېسەم خاتالاشمايمەن جۇمۇ.

ئاكام يېڭى تويى بولغان يىگىتتەك ياسىنىۋالغانىدى.
ئاكام مېنى ئۇن ـ تىنسىزلا ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. يولدا
كەنت باشلىقىنى باشلىۋالدۇق. ئۆيگە بارغاندا يەڭگەمنىڭ
چوغدەك ياسىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تېخمۇ ھەيران بولـ
دۇق، بىردىنلا ھويلا ـ ئارامنى قىيا ـ چىيا ئاۋازلار
قاپلىدى. ھەيران بولۇپ دېرىزىدىن قارىدىم، ھويلىغامە-
ھەللىنىڭ قىز ـ كانلىرىدىن بىرنەچچىسى يىغىلىپ كىر-
گەنىدى.

— ۋىي، سوفىيە، بۈگۈن قىزدەك ياسىنىپ كېتىپـ
سەن جۇمۇ ... مەھەللەئاياللىرى چاقچاق ئارىلاش كۈلكە
قىلىشتى.

— ئوش! نىمانداق سەت گەپنى قىلىسىلەر، — يەڭـ
گەم كايىدى ئۇلارغا.

يەڭگەمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان تۇنجى گەپنى ئاڭلاپ
بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئەمدى ئۇنىڭغايېڭى بىرپەزىلەت
قونغاندەك، مەھەللە ئاياللىرىمۇ ئۇنى ئارىغا ئالغاندەك قىـ
لاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆلمەس ناخشىچى

رادىئودىن يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قەدىردان ئاكامنىڭ ئاۋازىدىن ھاياجانلانماقتىمەن، ئۇنىڭ بەقۇۋۋەت گەۋدىسىنى كۆرمەكتىمەن. ئۇ بۇ ناخشىنى بۇنىڭدىن 15 يىل مۇقەددەم ئېيتقانىدى ...

شۇ يىلى ئۇرۇمچىگە ئاكام بىلەن بىللە بارغانىدىم. ھەددەمنىڭ ئۆيىدە، مەن بىر چىنە چاينى ئىچىپلا دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئاتاقلىق مۇقام ئۇستىسى زاكىر ئاكا باشلىق كىشىلەرنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردۈم. زاكىر ئاكا مېنى كۆرۈپ سوراپلا كەتتى:

— ھوي سەنمىدىڭ، قاچان كەلدىڭ، ھېسامىدىننىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— بايىلا ھېسامىدىنكام بىلەن بىللە كەلدىم.

— ھە، ھېسامىدىنمۇ كەلدىما، جانجىگەر دوستۇم كەپتۇ - دە؟ — زاكىركام ھاياجاندىن ئولتۇرالماي قالدى، — ئۇ قەيەرگە چۈشتى؟ ھەددەمنىڭ ئۆيىگە دېدىڭما؟ بولماپتۇ! پىكاۋىمدا ئۇنى ئەكىلەيلى، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشىمىز ئۇنىڭسىز بولمايدۇ.

ئاكامنى ئېلىپ كەلگىلى ماڭدۇق. ئەمما، ئۇنى تاپالمىدۇق. قايتىپ كېلىپ زاكىركامغا ئەھۋالنى ئېيتتۇق.

— نەدىن بولمىسۇن تېپىڭلار، ئۇ كەلمىگۈچە قوللى-

ـرىم پەدە باسالمايدۇ، — دەپ تۇرۇپلىۋالدى زاكىركام.
— بۇ شەھەردىن ئاكامنى تاپالمىغۇدەكمەن، — دېـ
ـدىم.
— مەن تېپىپ كېلەي، — دېدى بىرەيلەن.
ئالاھازەل بىر سائەتتىن كېيىن، ئىشىكتىن كىرىۋاتـ
قان ھېسامىدىنكامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېسامىدىنكام
ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، زاكىركامنىڭ ھاياجاندىن دۈگدـ
لەك كۆزى قىزارغانىدى. ئۇلار باشتا بىر ـ بىرىگە باشتىن
ئاياغ قاراپ چىقىشتى، ئاندىن چىڭ قۇچاقلاشتى.
— خۇداغا شۈكرى، ئامان ـ ئېسەن ئىكەنسەن!
— دىـدار كۆرۈشىدىغـان قۇتلـۇق كۈنلەرمۇ بوـ
لىـدىكەن ـ ھە! ؟
ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ياشلىق چېغىدا ناخشا بىلەن ئورـ
نىتىلغان، ناخشا بىلەن مۇستەھكەملەنگەنىدى. ناخشـا ئۇـ
لارنى بىرجان، بىر تەن قىلىپ جىپسىلاشتۇرغان، بىر ـ
بىرىنى كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەنـ
ـدى. ئۇ چاغلاردا زاكىركام دۇتار، تەمبۇرنى يېڭىدىن
ئۆگەنگەن، ھېسامىدىنكام ناخشىدا كامالەتكە يېتىۋاتقان
چاغلار ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە مەشرەپ ئوينايتتى. كۆپ
ھاللاردا ھېسامىدىنكام ناخشا باشلاپ، زاكىركام ئەگىشىپ
دۇتار چالاتتى. بىر قېتىملىق مەشرەپتە ھېسامىدىنكام
«ئەۋرىشىم» نى ئېيتىۋاتقاندا، زاكىركام ئاھاڭدىن چەتلەپ
كەتتى. ھېسامىدىنكام ناخشىنى چېپپىدە توختاتتى ـ دە:
— چالسىڭىز ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىنى بۇزماي
چېلىڭ! — دېدى.
— بولىدۇ، ئەيىب پېقىردا، — دەپ خۇش مۇئامىـ

لىلىك بىلەن جاۋاب بەردى زاكىركام.
ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، زاكىركام ناھايىتى دىققەت بىلەن چالىدىغان بولدى ...
شۇ كۈنى ئۇلار ئۇزاق مۇڭداشتى. داستىخان يىغىلىغاندىن كېيىن زاكىركام دۇتارىنى قولىغا ئېلىپ، سازلاپ بولغاندىن كېيىن، ھېسامىدىنكامغا قاراپ ئېيتتى:
— دوستۇم، ياڭراق ناخشىڭىزنى خويمۇ سېغىندۇق، قېنى باشلاڭ.
— ئۆزىڭىزدىن بولسۇن.
زاكىركام ھېسامىدىنكامنىڭ كەمتەرلىكىنى ئوبدان بىلگەچكىمۇ، دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ «ۋادەرىخا» نى باشلىدى، ھېسامىدىنكام ئەگەشتى. ناخشا ئەۋجىگە چىققاندىن كېيىن زاكىركام ئېيتماي ھېسامىدىنكامغا قويۇپ بەردى. ھېسامىدىنكام قىلچە كۆچىمەي، لەرزان ئېيتماقتا. ھەممە قىمىر قىلماي ناخشىنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە. ئۇ ناخشىنى شۇنداق كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئېيتتى.
ناخشا قەلب ساداسى، ھېسامىدىنكام بۇ قەلب ساداسىنى ئۆزىنىڭ جاراڭلىق، جۇشقۇن، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن سورۇندىكىلەرنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ دىل تارلىرىنى چېكىپ ئويغاتماقتا، ئۇلارنى مۇھەببەت مۇڭىغا سېلىپ، ھاياجانلاندۇرماقتا.
«ۋادەرىخا» دىن باشلانغان ناخشا «خانلەيلۇن» بىلەن توختىدى. كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېسامىدىنكام بىلەن زاكىركامغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن ھېسامىدىنكام زاكىركامغا قاراپ:
— دوستۇم، سىزنى چارچىتىپ قويدۇق، قېرىغان



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوخشايمىز. ئاران ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئېيتالىدۇق، — دېدى.

— ياق دوستۇم! — دېدى زاكىركام ھاياجان بىلەن، — سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ياشىرىۋېتىپتۇ، سىز ھارماس ناخشىچى!

مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ تۆت - بەش ياش ۋاقتىمدا بورتالاغا بارغىنىمىزنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇ چاغدا ئىنىم قاتتىق ئاغرىپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. ئىنىمنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھېساممىدىنكام بىر كۈنى دادامغا:

— تاغا، نۇرنى بورتالا ئارىشىڭىغا ئاپىرايلى، شىپالىق تاپسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

بىز تۆت تارانچى ھارۋىسىدا يولغا چىقتۇق. دادام، ھېساممىدىنكام ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ناسىر قاپاق تۆتىمىز بىر ھارۋىدا ئولتۇردۇق. ھارۋا شەھەردىن چىقىشى بىلەن ھېساممىدىنكام «ھارۋىكەشلەر ناخشىسى» نى رېتى بىلەن باشلىۋەتتى. دادام بىلەن ناسىر قاپاق ئەگەشتى. تەلكىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە «خانلەيلۇن» نى ياڭراتتى. تەلكىنىڭ داۋىنىغا ياماشقاندا، بىز ھارۋىدىن چۈشۈپ ماڭدۇق، ھېساممىدىنكام ناخشىسىنى توختاتقىنى يوق:

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
ئېلاخۇن يىغلىغان بىلەن،
سۇلايمان يىغلىماي ئۆتتى.

ناخشىنىڭ ئىلهامى بىلەن داۋاندىن چىقىپ كەتكىنىمىزنى بىلمەي قاپتۇق. ئالدىمىزدا كۆپكۆك سايرام كۆلى چايقىلىپ تۇراتتى، ھېسامىددىنكام ئەمدى مۇنۇ مىسرالارنى ياڭراتتى:

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
ياش - قېرىغا باقمايدۇ.

بىز سايرام بويىدا قوندۇق. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، قازاق مالچىلار بىزنى ئۈچ كۈن تۇتۇۋېلىپ، مال سويۇپ، قىمىز كەلتۈرۈپ كۈتۈۋالدى. ھېسامىددىنكام ئۇلارغا ئىلى خەلق ناخشىلىرى، قازاق خەلق ئۆلەڭلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يېرىم كۈن تاغ ئېشىپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. بىز بورتالا ئارشاڭدا تۇرغان بىر ئاي ئىچىدە ھېسامىددىنكام ناخشا ئېيتماي ئۆتكۈزگەن بىرەر كۈنمۇ يوق.

بىر ئايدىن كېيىن ئارشاڭغا غۇلجا شەھىرىدىن بىر ئاتلىق ئادەم كەلدى، ئۇ كىشى ھېسامىددىنكام بىلەن خاس ئۆيدە پاراڭلاشتى. ئەتىسى ئاكام:

— تاغا، نۇرمۇ ياخشى بولۇپ قالدى، سىز بالىلارنى ئېلىپ ھارۋىدا ئالدىرىماي قايتىڭ، مەن يول بويى ئات يەڭگۈشلەپ، بۈگۈن غۇلجىدا بولمىسام بولمايدىغان جىددىي ئىش چىقىپ قالدى، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

مەن ئېسىمنى بىلگەندىلا، ھېسامىددىنكامنىڭ «جىد-

www.uyghurkitap.com

دي ئىشى» چىقىپ تۇراتتى، بەزىدە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ، كۆرۈنمەيتتى، نەلەرگىدۇر بېرىپ كېلەتتى. كېيىن ئۇنىڭ «جىددىي ئىشى» ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغاش ئىكەن-لىكىنى بىلدىم. ئۇ چاغدا ھېسامىدىنكام 13 كىشىلىك بىر يەر ئاستى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى ئىكەن ...

— ياھ ھېسامىدىنكامىنىڭ ناخشىسى نېمىدېگەن ھىس-سىياتلىق جۇشقۇن ـ ھە! — ئاغىنەمنىڭ پىچىرلىشى دىققىتىمنى بۆلدى. شۇ ئارىدا زاكىركام:

— بىز ساھىبخانغا، ھېسامىدىنغا كۆپ رەھمەت ئېي-تىمىز، بىز ھېسامىدىندىن تاغدەك خۇش بولدۇق. ھېسا-مىدىننى مەن ئەكېتىمەن، بىرەر كۈن ياخشىلاپ دەم ئال-سۇن، يەنە بىر نەچچە كۈن تۇرىدۇ. سىلەردىن ناخشىسىنى ئايىمايدۇ، — دېدى.

ئەمما، سورۇندىكىلەر ھېسامىدىنكامنى ئۆيىگە تەك-لىپ قىلىپ تالاشتى، ئاخىرى ھېسامىدىنكام:

— بىز ئېيتقان ناخشىلارنىڭ تېكىستىمۇ، ئاھاڭىمۇ خەلقنىڭ، بۇ ئاھاڭلارنىڭ مەنبەسى 12 مۇقامدىن كەلگەن. «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «پەرھاد ـ شېرىن» لارنىڭ ناخشىلىرىمۇ مۇقام ئاھاڭىنى ئاساس قى-لىپ ئىشلەنگەن. ھازىرقى ئازاد زامانىمىزدا، مانا شۇ پۈتكۈل ناخشىلىرىمىزنىڭ ئانىسى ۋە جەۋھىرى بولغان 12 مۇقامنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نوتىغا ئېلىپ ئىشلەۋاتقان دوستۇم زاكىرغا رەھمەت ئېيتىمىز. بۇ رەھمەت بەدىلىگە مېنى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز-لەر، — دېدى.

بۇ ناخشا پىرىنىڭ سۆزىنى ھېچكىم رەت قىلالمىدى.

ئەمما، ئاكام بىر كۈنمۇ دەم ئالمىدى، ئۇنى يارۇ ــ بۇرا-
دەرلىرى ئېلىپ كېتىپ، ماشىمۇ كۆرسەتمەي قويدى. كېيىن
يىن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاكامنىڭ ناخشىسىنى سىڭغا
ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى شۇ يەردىن تاپتىم، بۈگۈن
رادىئودا بېرىۋاتقان ناخشا شۇ چاغدا ئېلىنغان ناخشىلارنىڭ
بىر قىسمى ئىدى.

× × ×

ھېسامىدىنكام ئەنە شۇنداق قالتىس ئۇستا ناخشىچى
ئىدى. ناخشا گويا ئۇنىڭ جېنى، تومۇرلىرىدا شۇۋۇلداپ
تۇرغان قېنى ئىدى. ئۇ جان ئۇزۇش ئالدىدىمۇ ناخشا ئېيت-
قان.

ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان زامانلار
ئىدى.

ئادەم بىلەن لىق تولغان زال، شوئار سادالىرى زال-
نىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ھەيۋەتلىك. «قىزىل
قوغدىغۇچى» لار ھېسامىدىنكامنىڭ ئىككى قولىنى كەينىگە
قايرىپ، بېشىنى ئەگدۈرۈپ ئېلىپ كىردى ـ دە، توپتوغرا
سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، يۈكۈندۈرۈپ قويدى، بېشىنى
بېسىپ ئەگدۈردى. ئۇ شۇ تاپتا ئىنسانىي ئەركىدىن مەھ-
رۇم قىلىنغانىدى. ئۇ كۈرەش قىلىنىدى. ھېسامىدىنكام-
نىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قېلىن لەۋلىرىنى چىڭ چىش-
لىۋالغانىدى. كەڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى توختىماي
ئاقاتتى. يەردىن ئۇگەندەكلا دىقماق، خام سېمىز بىرسى
سەھنىدە پەيدا بولدى، ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ھېسامى-

دىنكامنىڭ سول مەيدىسىگە قاتتىق تەپتى. ھېسامىددىنكام ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى، كالپۇكى ئارىلىقىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ چىقتى ...

بۇ تەپكۈچى «قەھرىمان» باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ھېسامىددىنكام ئىشسىز قالغان يېرىدىن ئەتىۋارلاپ ئەكېلىپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان زاۋۇتنىڭ زاپخوزى قىلىپ قويغان كېرەم ئىدى. ھېسامىددىنكامنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن كېرەمنىڭ قايتۇرغان جاۋابى شۇ بولدىكى، ئۇ ھېسامىددىنكام ئۈستىدىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغىغۇچىلارنىڭ بىرى. غۇلجا، ئۈرۈمچىلەردىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قارا يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ئەكسىيەتچىل ناخشىلارنى ئېيتىپ كەلگەن، ھازىرغىچە سېرىق ناخشا ئېيتىپ كىشىلەرنى زەھەرلەۋاتىدۇ» دەپ ماتېرىيال بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ماتېرىيالى ئىسيانچىلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز «ئەڭگۈشتەر» بولغانىدى.

شۇ قېتىمقى «كۈرەش قىلىش يىغىنى» دىن كېيىن ھېسامىددىنكام ئورنىدىن تۇرالمىدى، — يېتىپ قالدى.

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھېسامىددىنكامنى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويدى. ياخشى ئادەملەرنىڭ ياردىمىدە شەھەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، دوختۇرلارغا كۆرسىتىلدى. دوختۇرخانىدىكى ئىسيانچىلار ھېسامىددىنكامنى داۋالاشنى رەت قىلدى. ئاخىر ھەرخىل قالپاقلارنى كىيىپ، ئاق خالىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ياۋا دوختۇرلار تەكشۈرۈپ «تاياق ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دەپ دىئاگنوز قويدى. دادام ئىككىمىز دوختۇرلار يېزىپ بەرگەن رېتسېپ بويىچە دورىلارنى ئىزدەپ تېپىپ بەردۇق، ئۇنۇم بەرمىدى.

ئاخىرقى بىر سەھەردە ھېسامىدىنكام كېچىچە ئۆزىگە قاراپ ئۇخلىمىغان يارۇ - دوستلىرىدىن ئۆزىنى يۆلەپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇ سەل ئۆرە بولۇپ ياستۇققا يۆلەنگەندىن كېيىن، ئەتراپىدىكىلەرگە بىرمۇ - بىر قاراپ:

— تاغام كېلەلمەپتۇ - دە، دوستۇم زاكىرغۇ يىراقتا، — دېدى زەئىپ ئاۋازدا.

— تاغىڭىز كېلىپ قالار، ئادەم ئەۋەتتۇق دېيىشتۇۋاتىدۇ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى ئۇسسۇلچى ئاغىنىسى.

ھېسامىدىنكام ئىشىككە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئىشىك ھەم يېپىقلىق ئىدى. ئۇ يورۇقلۇقنى ئىزدىگەندەك، دېرىزىگە قارىدى. مۇز تۇتۇپ كەتكەن دېرىزىدىن غۇۋا تاڭ يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلاندى ۋە ئاستا، زەئىپ ئاۋازدا «گۈلەمخان» ئاھاڭىنى باشلىدى.

قارا قۇشقىچىم بولسا،
ئاغزىم بىلەن دان بەرسەم.
قەدىر سىنىغان دوستلارنىڭ،
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

ئاۋاز تىندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىشىككە قارىغان ھالدا قېتىپ، ئۇڭ كۆزىدىن چىققان بىر تامچە ياشمۇ ئاستىنقى كىرپىكىدە قونۇپ قالغانىدى.

ئۇ ئەنە شۇنداق جان ئۈزگەنىدى...

رادىئو كانىيىدىن تونۇش ئاۋاز ياڭرىماقتا. بۇ ئاۋاز

هويلا سۇپۇرۇۋاتقان دادامنىڭ قولىقىغا كىرگەن بولسا كېـ
رەك، ئۇ قولىدىكى سۇپۇرگىنىمۇ تاشلىماي ئىتتىك كىـ
رىپ كەلدى ـ دە:

— هوي، بۇ هېسامىدىننىڭ ناخشىسىغۇ؟ — دەپ هەيران بولۇپ سورىدى.

— شۇنداق، هېسامىدىنكامنىڭ ناخشىسى!

— ئۇ تىرىلىپ قالغاندەكلا بىر ئىشقۇ؟!

هەئە، هېسامىدىنكام هايات، ئۇنىڭ جىسمى بىزدىن ئايرىلغان بىلەن ناخشىسى ئايرىلمىدى، ئۇ ئۆلمەس ناخشىلارنى ئېيتقان!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قىزىل كۆز

## 1

گالدى ـ گۇلدۇڭ مېڭىپ مەھەللىگە كېلىپ قاپتىمەن.

ــ ھاۋا ـ ھاۋا! ــ دېگەن خىرقىراشتىن تۇرۇپلا قالدىم. قارىسام قوشنىمىز ئاغىنەم تاۋۇزنىڭ بۆرە ئىتى. ئۇ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ماڭا خىرىس قىلىپ تۇرۇپتۇ، ھەتتا كەرىشناۋاي تۈكلىرىمۇ ھۇرپىيىپ كېتىپتۇ.

ــ هاي بۆرە، ماڭ هويلىغا كىر، قارا سېنى، ــ دېگەن تونۇش ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاغىنەم تاۋۇز چىقىپ كەلدى، ــ قوشناڭنى تونۇمىدىڭمىزمۇ؟

ئىت قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ، غىڭشىپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئاغىنەم تاۋۇز بىلەن ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن چاغلاردىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، سىر ـ ئەسرايىمىزنى بىلىشىمىز، ئۇ قوزىۋاي تاۋۇزدەك يۇملاق بولغاچ «تاۋۇز» دېگەن لەقىمى بار، ئىككىمىز ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، بىزنىڭ ئىدارىدە بىللە ئىشلىگەن؛ كېيىن ئۇ سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرىغا ئادەم ئالغاندا، سوت مەھكىمىسىگە ئالمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنىڭ ئورۇق

بويۇمغا باشتىن ـ ئاياغ سەپسېلىپ قارىدى، مەنمۇ تەلمۈرۈپ قارىدىم. دراپ پەلتويۇم، سەنسەن قۇلاقچام لاي بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ھەيران قالغان تەلەپپۇزدا:

— ھوي ـ ھوي، سۆلىتىڭنى ئات كۆتۈرەلمەيدىغان نېمىتىلە، شۇ تاپتا نېمە بوپكەتكەنسەن؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە بولاتتىم، — دەپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سول تەرەپ خىش ئورۇندۇقىغا چارچىغان گەۋدەمنى تاشلىدىم، — قىزىل كۆز دېگەن ئاھانەتكە قالدىم.

— نېمە چاقچاق قىلىسەنوي، ئۆزۈڭ ساقمۇ زادى؟

— ئولتۇرسىنا، گېپىمنى ئاڭلىسىنا، — دەپ پۈتۈن دەردىمنى تۆكۈشكە باشلىدىم.

## 2

بىر يىلدىن بېرى كۆزۈمدە چاپاق قايناپ، چۆرىسى ئېچىشىدىغان، ھەتتا ھۆججەتلەرنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، خوتۇن ـ قىزلار «كۆزىڭىز زەپ چىرايلىق سىزنىڭ، خۇدايىم بۇ كۆزلەرنى سىزگە بەرگۈچە ماڭا بەرسىچۇ!» دەپ ھەسەت قىلىشاتتى. «ھەي مۇشۇ كاساپەتلەرنىڭ كۆزى تەگمىگىدى» دەپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتىم، ئاخىرى ئۇلارنىڭ كۆزىلا ئەمەس، تىلىمۇ تەگدى. ھەپتە ئىلگىرى كۆز دوختۇرىغا كۆرۈندۈم. مانا كۆز دېگەن! ئەيھانناس! دوختۇرنىڭ كۆزى ئالدىدا مېنىڭ كۆزۈم سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن ئەمەسمۇ! ؟ قېنىم قىزىپ دېدىكى: «دوختۇرنىڭ كۆزى سېنىڭ كۆزۈڭدىن چىرايلىقكەن، ئاغرىق كۆزۈڭنى مۇشۇ چىرايلىق

www.uyghurkitap.com

كۆزگە مىختەك قاداپ ئولتۇرغىن، بەلكىم كۆزۈڭنىڭ ئاغرىقى دوختۇرنىڭ كۆزىگە ئۆتەر، كۆزۈڭ ساقىيار! » قېنىمنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇردۇم. بىر كەمدە دوختۇرنىڭ خەتلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر چىقىشقا باشلىدى. قېنىم: «مانا، كۆزۈڭنىڭ كېسىلى يۇقۇشقا باشلىدى! » دەپ مېنى ئىشەندۇردى. ماڭا نۆۋەت كېلىشكە ئاق خالاتلىق بىر دوختۇر بىر بوۋاينى يېتىلەپ كېلىپ: «بوۋاينىڭ كۆزىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ بېقىپ! » دېدى بۇيرۇق ئاھاڭدا. ئاچچىقىم كەلدى، «مېنىڭ باشلىق ئىكەنلىكىمنى بىلمەيۋاتىدۇ ـ ھە، مۇنۇ دۆت! » دەپ تىللىدىم ئىچىمدە. چىرايلىق كۆز دوختۇر بوۋاينىڭ كۆزىگە قاراشقا باشلىدى. بوۋاينى ئىچكىرى ئۆيىگە ئەكىرىپ ئالاھازەل يېرىم سائەتتىن كېيىن چىقتى؛ ئۇ رېتسېپ يېزىۋاتاتتى، يەنە بىر ئايال دوختۇر ئىككى قىزنى باشلاپ كىردى:

— بۇ قىزلارنىڭ كۆزەينىكىنى يېڭىلايدىكەنمىز، رېتسېپ يېزىپ بەرسىڭىز.

ئاچچىقىمدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. زالغا چىقىپ بىر تال تاماكا چېكىپ كىردىم. چىرايلىق كۆزنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان دوختۇر قىز:

— ۋاي نەگە كەتتىڭىز؟ سىزنى ساقلىتىپ قويدۇق، مەن تەكشۈرۈپ كۆرەي، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ئۇ سورايدىغىنىنى سوراپ بولۇپ، ئىچكىرى ئۆيگە باشلىدى؛ ئۆينى ئىشىكتىن كىرگەن يورۇقلۇقلا ئازراق يورۇتۇپ تۇراتتى. دوختۇر بىر ئەسۋابقا كۆزۈمنى تىقمۇدى، كۈچلۈك نۇر كۆزۈمنى چاقتى؛ دوختۇر «ئۇتتۇر

قاراڭ» ، «پەسكە قاراڭ» دەپ قارىتمۇەردى، ئاندىن مېنى بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ، كىرپىكلىرىمنى پەلكۇچتە سۇركەش-كە باشلىدى، قېنىم: «پەردازلاۋاتىدۇ!» دەپ چۇشەندۇر-دى؛ مەندە: «كۆزۈم چىرايلىق بولغاچ كۆز تەگكەن تۇر-سا، يەنە نېمىگە پەرداز قىلىدىغاندۇ؟» دېگەن گۇمان پەيدا بولدى. قېنىم: «بۇ دوختۇرمۇ كۆزۈڭنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەسەت قىلىۋاتىدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى. دوختۇرنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشۇمغا: «كۆزىڭىزنى قىساڭ!» دېگەن يېقىملىق ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى. «ھىم، قېنىمنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇسكەن، دوختۇرمۇ كۆ-زۈمگە مەھلىيا بوپتۇ. ئەمدى كۆز قىسىشىپ ئوينايدىكەن-مىز - دە!» دېگەن ئوي كەلدى، روھلىنىپ قىستىم. ئېسىڭدىدۇ، ياش ۋاقتىمىزدا قىزلارغا كۆز قىسىپ مۇھەب-بەتتىن بېشارەت بېرەتتۇق، شۇ بەختلىك كۇنلەر ئېسىمگە كېلىپ ھەۋەس بىلەن كۆزۈمنى قىستىم، دوختۇر ئون نەچچە قېتىم «قىساڭ» ، «ئېچىڭ» دېدى. ئۇ قاراڭغۇ تەرەپتە تۇرغاچ كۆز قىسقىنىنى كۆرەلمىدىم.

خەيرىيەت دوختۇرلار ئىشخانىسىغا چىقتۇق، چىراي-لىق كۆزلۈك دوختۇرنىڭ ئەتراپىدا يەنىلا ئاق خالاتلىقلار ۋە كۆزى ئاغرىغانلار دېۋەيلىشىپ تۇراتتى. «قارا بۇ نېمى-لەرنى، نومۇر ئالماي، ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بى-لىشلىرىنى بىكارغا كۆرسىتىۋېتىپتۇ - دە. خەپ توختاپ تۇرۇش، پىكىر ساندۇقىغا كېلىشتۇرۇپ پاش قىلىش ماتې-رىيالى يازمىسام!» مېنىڭ بۇ خىيالىمنى دوختۇرنىڭ:

— پۇل تاپشۇرغاندىن كېيىن، ياندىكى داۋالاش ئۆ-يىدە داۋالىنىڭ، — دېگەن ئاۋازى بۆلدى.

ياندىكى ئۆيگە كىرسەم، مېنىڭ كۆزۈمدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق كۆزى بار دوختۇر قولۇمدىكى قەغەزنى ئالدى؛ قېنىم قىزىپ: «دۇنيادا پەقەت سېنىڭلا كۆزۈڭ چىرايلىق ئىدىغۇ، يەنە بىر چىرايلىق كۆز پەيدا بولغىنىنى نېمىسى!» دېمەسمۇ! دوختۇرنىڭ كۆزىگە ئىچ - ئىچىمدىن ئۆچلۇكۇم كەلدى.

— ئالدىن دەپ قويااي، — دېدى قەغەزگە قاراپ تۇرغان دوختۇر، — كۆزىڭىز بىر ئايغىچە قىزىل كۆز بولىدۇ!

— ياپىر كامىللا، بۇ ··· بۇ، — دەپلا قەغەزنى يۇلۇپ ئېلىپ، مېنى تەكشۇرگەن دوختۇرنىڭ قېشىغا كىردىم ۋە غەزەپ بىلەن:

— كۆز قىسقىنىمغىمۇ مۇشۇنداق ئۆچ ئالامسىز، ئۆزىڭىز كۆزۈڭنى قىس دېگەچكە قىستىمغۇ؟ ئەمدىزە چىرايلىق كۆزۈمنى كۆرەلمەي، قىزىل كۆز قىلىپ قويماقچىمۇ سىز؟! — دېدىم.

ئىككى دوختۇر ئۆزلىرىنى ئورۇندۇقنىڭ كەينى يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدىكى، ئىشخانىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

— ھەي ئەپەندىم، بۇ بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى، خالىمىسىڭىز مەيلى. ئەمما، كېيىن كۆزىڭىزگە تەس بولىدۇ، — دېدى دوختۇر كۈلكىسىنى بېسىپ.

گۇمان بىلەن ياندىكى ئۆيگە كىرىپ، بىلىكىمنى ئېچىپ بەردىم. دوختۇر يىڭنىنى تومۇرۇمغا تىقتى، قىپقىزىل قېنىم ئىشپىرىسقا كىرىۋاتىدۇ، ياق، قېنىم ئەمەس، جېنىم كىرىۋاتىدۇ، ئىچىمدە: «بۇ دوختۇرنىڭ كۆزى چى-

ـرايلىق بولغىنى بىلەن ئۆزى قانخور ئىكەن؛ بىر كۆزۈمگە سالىدىغىنى بىر تېمىم قاندۇ، قالغىنىنى تاپتايىنلىق ئۆزىـ گە سىلىۋالىدۇ، ئۇنىڭ مەكىزىلىرىنى ئاناردەك قىزارتىپ تۇرغىنى ماڭا ئوخشاشلارنىڭ قېنىدۇ؟! » دەپ ئويلىدىم. دوختۇر «يېتىڭ» دېدى، قۇربانلىق قىلىنىدىغان قويدەك ياتتىم. تومۇرۇمدىكى شەيتان ماڭا تەسەللى بەردى: «مۇـ شۇنىڭغىمۇ ئىچ تارلىق قىلامسەن؟ يامىنى كەلسە قېنىڭدىـ كى ھەسەتخور مىكروپلار بۇ دوختۇرنىڭ تومۇرىغا كىرەر» ئويلىسام شەيتىنىمنىڭ دېگىنى توغرىدەك. مېنى قىزىل كۆز قىلغان بۇ دوختۇرنىڭ قېنىدىمۇ قىزىل كۆز مىكروپـ لىرى كۆپەيگەي! دوختۇر كۆزۈمگە بىنت چاپلىدى.

ئۆيگە بارغۇچە تونۇش ـ بىلىشلەر «كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟»، «بىرەرسى ئۇردىمۇ؟» دەپ سوراۋېرىپ ھالىمـ نى قويمىدى.

— بۈگۈنچۇ، نېمە بولدى ... كىيىملىرىڭ رەسۋاغۇ؟ — سورىدى ئاغىنەم تاۋۇز.

— ئوغۇل بالىغا دەرد كەلسە، قوشلاپ كېلىدىكەن، بۈگۈن ...

## 3

ئۆيدە شېرىن خىيال سۈرۈپ ياتسام تېلېفون جىرىڭـ لاپ قالدى؛ كاتىپ يىغىن بارلىقىنى، تېز كېلىشىمنى جىكىلىدى. نېمە يىغىن دېسەم، رەھبەرلەر بىر قارارنى ئۇقتۇرغىلى كەپتۇ، دېدى. رەھبەرلەر كەلمىسە بارمىغان بولاتتىم. پىكاپنى ئەۋەت، دېسەم، يوق، دېدى. ئارىلىق

يىراق بولمىسىمۇ، پىكاپتا بېرىپ - كېلىپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلدى. يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل، تېيىلغاق، ئاستى مۇز، ئۈستى قار؛ ھەدېگەندە يامغۇر يېغىپ مۇز بولۇپ، ئاندىن قار ياغقاچقا، مېڭىش تەسكە چۈشتى؛ بولۇپمۇ تاكسى، رىكشىلارنىڭ چاقلىرى يولنى ئويۇپ كاتاڭ قىلىۋەتكىنىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. بىزگە ئوخشاش رەھبەرلەرنىڭلا پىكاپلىرى ماڭسا يول بۇزۇلمايتتى. تېخى ئۇلار بىر كوچا ماڭسا بەش - ئون سوم ئېلىپ، ھادىس بېيىپ كەتتى. پۇقرالار ۋېلىسىپىتتە ياكى پىيادە ماڭسا بولىۋېرىدىغۇ! مەن يولغا قاراپ ئاۋايلاپ دەسسەپ كېتىۋاتسام بىر ئايال ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي لۈكچەك، ماڭا نېمە دەپ كۆزۈڭنى قىسىسەن، مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟!

— مېنى داۋالىغان دوختۇر قىز «كۆزۈڭنى قىس» دەپ ئۆگىتىپ قويغان تۇرسا، مەن قانداق قىلاي! — دەپ كۆزۈمنى ئىتتىك ئاچتىم.

— ۋىييەي، بۇ قىزىل كۆزكەنغۇ! — دەپ ئايال يېنىمدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى.

ئىدارە مەجلىسخانىسىغا كىردىم. ھەممە ئولتۇرۇشۇپتۇ، بىرەرسىمۇ ئورۇن بەرمىدى، ھەتتا بۇرۇن ئالدىمغا سالام بېرىپ كېلىدىغانلار قاراپمۇ قويمىدى، پىچىر - پىچىر گەپ. ئارقا بۇلۇڭدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، رەھبەرلەر كىردى. مەن تاپىنىنى يالاپ كەلگەن رەھبەر بىر قەغەزنى سومكىسىدىن ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر مەن يۇقىرىنىڭ قارارىنى ئوقۇپ بېرىمەن!

قاراردا بىرىنچى قول باشلىقىمنىڭ پېنسىيىگە چىققان-

لىقىنى، ئورنىغا قۇدرەتنىڭ باشلىق بولغىنىنى يېزىپتۇ. ئالقىش ساداسى مەجلىسخانىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئادەتتە مەنسەپكە قويۇش ـ ئېلىش قارارىغا چاۋاك چېلىنمايتتى. ئوھوي، مانا چاۋاك دېگەن، مېنى «كەسپىي ئىقتىدارى بولمىغاچ» مەمۇرىيەتكە يۆتكىلىدۇ، دېگەن گەپلەر چىقىۋە-دى، چاۋاكنىڭ يوغىنىلا ئەمەس، گەپنىڭمۇ يوغىنى چىقـ-تى. كۆزلىرىم چەكچىيىپ، قىزىلى پولتىيىپ چىققىنىنى بىلىپ تۇرىمەن. بېشىم قېيىپ، تاملار ئۆرۈلگەن، مەجـ-لىسخانا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغاندەك بىلىندى. مەڭزىم تىترەپ، بۇرنۇمنىڭ چانىقى كېرىلىۋاتىدۇ. بەدىنىم تىكەنـ-لەشتى. تىلىم قاتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان چاۋاك بېسىلـ-شىغا مېنىڭ خۇشامەتچىم:

ئۆز زامانىسىدىكى پادىشاھلارمۇ، بۇ قىزىل كۆزلەر-دەك چارەك ئەسىر ھۆكۈمران بولغان ئەمەس! — دېمەسـ-مۇ.

— ئۇلارنىڭ نەزىرى ئۈستۈن، خورىكى چوڭقىيىپ كەتكەنىدى، ئاسمان ئاستىدىكى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتـ-تى، خورىكى ئېلىنىپ خوپ بولدى!

— توغرا دەيسەن، بۇ قىزىل كۆزلەرنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق، ئۇلار ھىيلە ـ نەيرەڭ قاپقىنىنى قۇرۇپ، پىتنە ـ پاسات تېرىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى!

مەجلىسخانىدا مۇشۇنداق زەھەرلىك تاپا ـ تەنىلەر، ئەيىبلەشلەر ئاڭلىنىۋاتىدۇ. مېنى شاڭخو قىلىپ كۈلكە قىلىشىۋاتىدۇ، تۈنۈگۈنلا «خوش» دەپ ئېگىلىپ تۇرىدىـ-غانلار بۈگۈن ئۈستۈمدىن كۈلۈشۈۋاتىدۇ. «ھەي ...» دەپ

www.uyghurkitap.com

چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىۋاتىمەن، «ھوقۇقۇم بولسا ئىدى، بۇ ئىككى يۈزلىمىلەرنىڭ مومىسىنى كۆرسىتەردىم» ھەممىدىن جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتكىنى مەن بۆلۈم باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈپ قويغان ئەبلەخنىڭ گېپى بولدى:

— مۇنۇ قىزىل كۆزنىڭ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى جاھان ئىش بولدى، ھەققانىيەتنىڭ تۆمۈر مۇشتۇمى ئاخىرى ئۇنىڭ قىزىل كۆزىگە تەگدى!

— نېمە، قىزىل كۆز مەنمۇ - سەنمۇ؟ تىلىڭ قارىيىپ كەتكۈچە تاپىنىمنى يالاپ كېجالىڭ بولدۇڭ، ئەمدى ماڭا تۆزكورلۇق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ، چىدىمىغىنىمدىن قۇلاقچامنى ئۇنىڭغا ئاتتىم.

— ھوي - ھوي، بۇ قىزىل كۆزلا ئەمەس، لۈكچەككەنغۇ؟

— ھە، بۇ قىزىل كۆزلەرنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىتى، — دېدى قۇدرەت.

ئەمدى پۈتكۈل غەزىپىم مەنسىپىمنى تارتىۋالغان قۇدرەتكە ئاغدى. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئورۇندۇقنى ئاتاي دەپ تەمشىلىشىمگە كىمدۇر بىرى ئورۇندۇقنى قولۇمدىن تارتىۋالدى. يەنە كىملەردۇر ئىككى بىلىكىمدىن قىسىپ تۇتۇپ، خۇددى چىغ سۈپۈرگىدە ئەخلەت سۈپۈرگەندەك مەجلىسخانىدىن چىقىرىۋەتتى.

بېشىمدىن ئۆتكەن بۇ غوۋغالارنى سۆزلەپ بولۇپ سورىدىم:

— مېنى خەق نېمىشكە قىزىل كۆز دەپ ئۆچ كۆرىدىغاندۇ؟

ئاغىنەم تاۋۇز ماڭا مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ جاۋاب

بەردى:

— قىتتىغىر، كۆرەلمەس، ھەسەتخورلارنى قىزىل كۆز دەيمىز. بۇ ئىللەتلەر سىنىڭ تومۇرۇڭدىكى قانلىرىڭدا يۈگۈرۈپ يۈرگەچ، ئاخىرى كۆزۈڭگە چىققان. سەن چارەك ئەسىردىن بېرى باشقىلارنىڭ نەتىجىسىگە، ئەمەلىگە كۆزۈڭ قىزىرىپ ھەسەت قىلىپ كەلدىڭ، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سىنىڭ ھەسەتخورلۇقۇڭ قۇدرەتكە ئوخشاشلارنىڭ تالانتىنى بېسىپ چۈشەلمىدى.

— قۇدرەتتە نەدىمۇ تالانت بولسۇن! — دېدىم ئاچچىق بىلەن.

— مانا مۇشۇ گېپىڭدىنلا قىتتىغىرلىقىڭ چىقىپ تۇرۇپتۇ. قۇدرەتنى ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن گۇمان ئۇرۇقى تېرىغىنىڭنى ئۇنتۇمىغانسەن؟!

— مەن — ··· مەن ··· نېمىدەپ گۇمان ئۇرۇقى تېرىپتىمەن؟

— قۇدرەتنى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدىڭ، ئاخىرى ئۇنى «قوش يۈرەك» دادىسى چەت ئەل كونسۇلخانىسىدا پاسپورت ئېلىشقا ئۆچىرەتتە تۇرغان، دەپ پاش قىلىش ماتېرىيالى يېزىپ بەردىڭ. ئۆزۈڭگە ئوخشاش قىزىل كۆزلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىدارەڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن قۇسۇر تاپتىڭ، مائاش باھالاش قالپاق كىيگۈزۈش ھەردىكىتىگە ئايلاندى. ئۇلاردىن سەنلەرگە دوست تارتىشىپ بەرگەن كىچىك قىزىل كۆزلەرگە بىر دەرىجە مائاش يېزىشتىڭ. ئۆزۈڭ ئىككى دەرىجە، چوڭ قىزىلكۆز ئۈچ دەرىجە

مائاش ئېلىشتىڭ؛ قالغان دەرىجىلەرنى ئېچىڭىنىڭ تارلى-
قى، كۆرەلمەسلىك، ھەسەتخورلۇق كېسىلىنىڭ تۇپەيلى يۇ-
قىرىغا قايتۇرۇۋېتىش، بۇ قىلمىشلىرىڭ يۈرىكى خۇن بول-
غان ئىدارەڭدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قەلبىدىن
چىققىنى يوق! شۇڭا، ساڭا ئۆچلۈكى كېلىپ «قىزىل
كۆز» دېگەن گەپ، ئۇلار ھەر نېمە دېسە ئەرزىيدۇ!
ئاغىنەم تاۋۇز سوتچىلاردەك ھۆكۈم چىقىرىپ، خوش-
لاشمايلا دەرۋازىسىنى جالاققىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى. بۇ
گەپلەرگە ئۆلەيمۇ ئەمدى؟! قايسى ۋاقىت بولدىكىن، دەپ
كۆنگە قارىدىم، چاقناپ تۇرغان نۇردىن كۆزۈپ قىسىلدى.

2000 - يىل 13 - ئىيۇن

# گۈلجاھان

گۈلەندەمنىڭ كىچىچە چۈشى بۇزۇلۇپ چىقتى. ئۇ تاڭ سۈزۈلمەستىنلا تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئوچاققا ئوت يې-قىپ، چاي قايناتتى. بالىلىرىنى ئويغىتىپ چاي بەردى ـ دە، مەكتەپكە ماڭغۇزدى، ئۇ چاي ئىچىۋاتقان ئېرىگە:

— گۈلجاھان چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈردى. ئاغرىپ ـ تارتىپ قالدىمىكىن، يوقلاپ كېلەي، — دەپلا دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

× × ×

گۈلجاھان گۈلەندەمنىڭ يۈرەك ـ باغرى، ئەزىز يال-غۇز سىڭلىسى. ئون يىل مۇقەددەم گۈلجاھان توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئاپىسى ۋاپات بولدى. ئىككى يىلدىن كېيىن دادىسىدىن ئايرىلدى. گۈلەندەم ئېرى بىلەن كىند-دىك قېنى تۆكۈلگەن مۇشۇ كىچىك قورۇسىغا كۆچۈپ كېلىپ، سىڭلىسىنى ھامىيلىقىغا ئالدى. ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان ئاز ـ تولا پۇل ـ پۈچەك بىلەن گۈلجاھاننى ئوقۇت-تى. گۈلجاھان ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. بىراق، ئىقتىساد يار بەرمىگەنلىكتىن، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدى. گۈلەندەمنىڭ ئېرى پارچە ئوقەت قىلىپ، ئۆينى

ئارانلا پىرقىرىتمۇاتاتتى. گۈلجاھان قىسىلىپ قالدى. زېرىكتى، تېرىكتى، ئاخىرى ئىش ئىزدىدى، كىرمىگەن تۆشۈكى، بارمىغان ئىدارە ـ شىركەتلەر قالمىدى. ھەممە يەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشكى ئېتىك بولۇپ چىقتى. قارا ئىشمۇ تېپىلمىدى. چۈنكى، ئۇ شەھەردە گۈلجاھانغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپكە بارالمىغانلاردىن بىرەر مىڭى قاڭقىپ يۈرەتتى.

گۈلجاھان ئىش ئىزدەپ يۈرۈپ غالىب ئىسىملىك بىر دۇكاندار بىلەن تونۇشۇپ قالدى. غالىب 24 ياشلىق، كېلىشكەن، كەسمە بۇرۇتى خوپ ياراشقان، ئېگىز بويلۇق، ئات يۈزلۈك يىگىت ئىدى. ئۇ تەشلەپكە بازىرىدىكى دۇكىنىغا رەخت، تەييار كىيىم ـ كېچەك سېلىپ ئوقەت قىلاتتى. بۇ يىگىت ئىش ئىزدەپ كەلگەن، ئالدىدا ئىزا تارتىپ تۇرغان قىزغا باشتىن ـ ئاخىر سەپسېلىپ چىقتى، ئۇ قىزنىڭ قۇندۇز چاچلىرىغا، بەرگى قىياقتەك قاشلىرىغا، بۇ قاشلار ئاستىدىكى گۆھەردەك يالتىراپ تۇرغان كۆزلەرگە، ئويماقتەك لەۋلىرىگە ۋە ئاناردەك قىزىل مەڭزىگە قاراپلا قالغانىدى، بۇ قاراشتىن گۈلجاھان خىجىل بولۇپ، كونا توپلىيىنىڭ ئۇچىغا قارىۋىدى، يىگىت قىزنىڭ ئىسمىنى، ئوقۇش تارىخىنى سورىدى ۋە:

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ، پۇل يوق بارالمىغان، پۇل تېپىپ ئوقۇيمەن دەپ بۇ دۇكاننى ئاچقانىدىم. ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش ئىكەن، ماڭا ياردەملىشىپ ئىشلەپ قىلىڭ، — دېدى.

گۈلجاھان بەكمۇ خۇش بولدى. ئۇ، سودىدا چاققان، خۇشخۇي، ھېساب ـ كىتابقا ئۇستا ئىدى. سودا قىلىشنى

تېزلا ئۆگىنىۋالغانلىقى، سەممىمىيلىكى بىلەن غالىبنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. راستىنى ئېيتقاندا، غالىبنىڭ قىزغا بولغان قىزىقىشى بارغانچە كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ ناگان ـ ناگاندا، ئوغرىلىقچە قىزغا ئوتلۇق نەزەر تاشلايتتى. قىز بۇنى كۆرۈپ، شەلپەردەك قىزىراتتى، قىزمۇ ئۆزىدە قاندـ داقتۇر، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولغىنىنى سېزەتتى. گۈلجاھان يىگىتكە ئارىلاپ قاراپ، چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ قويىدىغان بولدى. يىگىت كېيىنچە دۇكاننى قىزغا تاشلاپ قويۇپ، چوڭ شەھەرلەرگە مال ئەكىلىش ئۈچۈن ئايلاپ كېتىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلارـ دا گۈلجاھاننىڭ نېمىدۇر بىر نېمىسى كەملىك قىلغاندەك، غەمكىن بولۇپ قالاتتى، غالىب كەلگەندە بولسا ئېچىلىپ كېتەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى چۈشىنىشتى. بىر كەچلىكى غالىب گۈلجاھاننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ماڭدى. يولدا ئۇ قىزغا توي قىلىش تەكلىپىنى بەردى. قىزنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن ئويناپ كەتـ تى … ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تويى بولدى.

× × ×

گۈلەندەم غالىبنىڭ دۇكىنىغا باردى. دۇكان تاقاق ئىدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ غالىبلارـ نىڭ ئوچۇق دەرۋازىسىدىن كىردى. ئىشىكلەرگە دوقۇرـ دى، گۈلجاھاننىڭ ھۇجرىسىغا كىردى، ھېچكىم يوق! «گۈلجاھان!» دەپ چاقىردى. جاۋاب يوق! تۇيۇقسىز نېـ مىدۇر «كىتىر» قىلغاندەك ئاڭلاندى، گۈلەندەم شۇ تەـ

رەپكە ماڭدى. ئۇ ئامبارغا كىرىپلا قاتتىق چىرقىرىۋەتتى ۋە ئۆزىنى گۈلجاھانغا ئاتتى. گۈلجاھان سىرتماقتا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ گۈلجاھاننىڭ ئىككى يامپىشىدىن قۇچاقلاپ تىك كۆتۈردى. سىرتماق سىڭلىسىنىڭ بوينىدىن سىل كۆتۈرۈلدى، گۈلەندەمگە غايىبتىن بىر كۈچ كەلگەندەك، سىڭلىسىنى ئوڭ قولىدا كۆتۈردى ـ دە، سول قولى بىلەن سىرتماقنى گۈلجاھاننىڭ بېشىدىن چىقىرىۋالدى، ھەر ئىككىسى «گۈپ» قىلىپ يەرگە چۈشتى. سىڭلىسىنىڭ ئاستىدا قالغان گۈلەندەم بەل ـ قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئاغرىغىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇلار بىر ھازا شۇنداق يېتىشتى:

— مېنى قويۇۋەت، مېنى مۇشۇ سىرتماقلار تىل ـ ئاھانەت ۋە جاھالەتتىن قۇتقۇزىدۇ! — دەپ زارلاندى گۈلجاھان زەئىپ ئاۋازدا.

— زا ـ زادى نى ـ نېمە بالا يەتتى؟ — دەپ سوراۋېرىپ ئاغزى تالدى. ئۇ سىڭلىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرىدى، ئۇلار كوچىغا چىقتى. ئوڭ تەرەپتىكى قورۇ دەرۋازىسى ئالدىدا پوپايكا توقۇپ ئولتۇرغان بىر خوتۇن:

— ۋايىەي، مۇنۇ پاسكىنىنى كۆزۈم كۆرمىسۇنا، — دەپ دەرۋازىسىنى ھىم يېپىپ كىرىپ كەتتى.

ئۈچىنچى دەرۋازا ئالدىدا بىر جۇۋان بالىسىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى، ئۇ گۈلجاھاننى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە «شالاققىدە» بىرنى تۈكۈرۈپ، تەتۈر قارىۋالدى.

بۇ ئىككى خوتۇننىڭ ئىشىدىن ھەيران بولغان گۈلەندەم سورىماي تۇرالمىدى:

— ھوي خوتۇن، نېمە ئۈچۈن تۈكۈرىسىز؟

— ئۆزىدىن سوراڭ، — دەپ ھېلىقى جۇۋان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇلار بىردەم مېڭىشىغا قىزىق پاراڭغا چۈشكەن بىر توپ خوتۇنغا دۇچ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈلجاھانغا نەپرەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تىللاشقا چۈشتى:

— بۇ شەرمەندىنى ھەدىسى ئەكىتىدىغان بوپتۇ - دە.

— خوپ بوپتۇ، — مەھەللىمىز بىر جالاپتىن قۇتۇلۇپ پاكلىنىدىغان بولدى.

گۈلەندەمنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك تۇيۇلدى.

گۈلجاھان تۇغۇلغان ئۆيىگە كىرىپلا كىگىزگە ئۆزىنى تاشلاپ، ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىدى، گۈلەندەم سىڭلىسىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ ئۇنى بەزلىدى. باش - كۆزىنى سىلىدى. ياشلىرىنى سۈرتتى. بىر ئاپقۇر قايماقلىق چاي ئېتىپ ئەكېلىپ ئىچكۈزدى. ھەدىسىنىڭ مېھىر - شەپقىتىدىن ئۆزىگە كەلگەن گۈلجاھان چايىنى قۇرۇق سۈمۈردى. ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر نېمە ئالغىنى مۇشۇ ئىدى.

— ئاپئاق سىڭلىم، سىرتماققا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىدەك قانداق ئىش يۈز بەردى؟ كوچىدىكى خوتۇنلار سېنى نېمىشقا تىللايدۇ؟!

گۈلجاھان ھامان ئۇنچىقمىدى، گۈلەندەم جىلى بولۇپ:

— ھوي، ئاغزىڭغا سامان تىقىۋالدىڭمۇ، جاۋاب بەرسەڭچۇ؟ — دېدى.

— ئۇلارنى تىللاتقان، يۈرىكىمنى زىدە قىلغان مۇشۇ، — دېدى ئاخىرى گۈلجاھان قورسىقىنى كۆرسىتىپ.

www.uyghurkitap.com

گۇلەندەم سىڭلىسىنىڭ قورسىقىنىڭ يوغىناپ قالغىنىنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندى ۋە تۇنجى قېتىم سىڭلىسىغا نەپرەتلىك ئالايدى. ئۇ سىڭلىسىنى ئۇرۇپ - تىللاشتىن ھەزەر ئەيلىدى بولغاي، ھويلىغا چىقىپ كەتتى ۋە يازلىق چايخانىسىدا ئۆكسۈپ - ئۆسۈپ يىغلاپ كەتتى.

گۇلەندەم سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ دېگەن سۆزىگە ئىشەندى. ئۇ بۇ ئەخلاقلىق قىزنىڭ ھەرگىز يامان ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئەتىسى سىڭلىسىنى دوختۇرخانىغا باشلاپ باردى، ئۇ «ھەربىي دوختۇرخانىغا ئاپارسام سىر سىرتقا يېيىلىپ كەتمەيدۇ» دېگەن ئويدا ئاپارغانىدى، بىر نومۇرى توققۇز سوملۇق ئايال دوختۇر تەكشۈرۈپ:

— قورسىقىدىكى بالا بەش ئايلىق بوپتۇ، — دەپ دىئاگنوز قويدى.

گۇلجاھاننىڭ يۈزى تاتىرىپ - كۆكۈرۈپ كەتتى.

گۇلەندەمنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى:

— ھوي قانجۇق، تويۇڭ بولغىنىغا بىر ئاي بولغان تۇرسا، بەش ئايلىق بالا بولغىنى نېمىسى، بۇ كىمنىڭ بالىسى - ھە! ؟

ئۇ شۇنداق زەردە بىلەن سىڭلىسىنىڭ يامپىشىدىن چىمدىدى. چىمدىلىشتىن ھاسىل بولغان ئاغرىق گۇلجاھانغا تەسىر قىلمىدى، ئانا ئورنىدىكى ھەدىسىنىڭ سۆزى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھۆركىرىپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى چوڭ كوچىغا ئاتتى. قېرىنداش چىدىيالايتتىمۇ، گۇلەندەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

× × ×

گۈلجاھانغا ھە دېگەندىلا، غالىبنىڭ ھەدىسى ئاسىيە زەھىرىنى سانجىغانىدى، ئۇنىڭ جاۋ ـ جاۋ ئاغزىدىن گۈل-جاھاننىڭ ئەھۋالىنى قېپىنانسى، قولۇم ـ قوشنا، مەھەل-لە خوتۇنلىرى ئاڭلاپ تىللايدىغان بولغانىدى. غالىبلا بۇنى ئىغۋا دەپ قارايتتى. ئۇ، ئۇرۇمچىدىن ئەكەلگەن ماللىرى-نى چۇشۇرگىلى دۇكىنىغا كەلدى. دۇكاننىڭ ئىچىكىلىكى-نى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئەندىشە پەيدا بولدى، ئۇ ماللارنى دۇكانغا ئەكىرىپ قويۇپ ئۆيىگە ماڭدى. تۆت كوچىغا كې-لىشىگە كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇل-غان، مەڭزىلىرىدىن ياش ئېقىپ چۇشۇۋاتقان خوتۇنىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ گۈلەندەم كېلىۋاتاتتى. ئۇ گۈلەندەمدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

ــ خەلق دوختۇرخانىسىغا كۆرسىتىپ باقايلى، ــ دېدى.

ــ بولىدۇ، شەھىرىمىزدىكى ھەممە دوختۇرخانىلار-غا كۆرسىتىپ بېقىشىمىز كېرەك.

غالىب بىر كىرا ماشىنىسىنى توستى ۋە گۈلجاھاننى خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ، مۇتەخەسسىس دوختۇرغا كۆرسەتتى، بۇ دوختۇرمۇ گۈلجاھانغا بەش ئايلىق بالا بار، دەپ دىئاگنوز قويدى. غالىبنىڭ ئىشەنچى بوشاشقا باشلى-دى. ئۇ، سالماق، ئېغىر ـ بېسىق، ئويلاپ ئىش قىلىدى-غان يىگىت ئىدى. شۇڭا، ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ،

www.uyghurkitap.com

سەۋرچانلىق بىلەن يەنە:

ـــ ھەدە، گۈلجاھاننى سۇ دەرۋازا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ باقساق، ـــ دېدى.

ـــ مەن ئۆيگە بېرىپ، باللارغا تاماق ئېتىپ بەرمىسەم بولماسمىكىن، ـــ دېدى گۈلەندەم.

ـــ ئەمىسە ئۆزۈملا ئاپىراي.

ئەپسۇس، ۋاي ئەپسۇس، بۇ دوختۇرخانىنىڭ دىئاگنوزىمۇ ئوخشاش بولدى. ئەمدى غالىبنىڭ سەۋر قاچىسى سۇندى. ھۇجرىسىدا يېرىم كېچىگىچە خوتۇنىنى سوراققا ئالدى. تىللىدى، ئۇردى. گۈلجاھاندىن بىر ئېغىزلا جاۋاب ئالالىدى:

ـــ مەن پاك، سىزدىن باشقا بىرەر ئەرنىڭمۇ قولىنى تۇتۇپ باقمىغانمەن!

ـــ ئەمىسە بىر ـ ئىككى ئاي ئىچىدىلا بالا بەش ئايلىق بولامدۇ؟!

ـــ بىزنىڭ، باللىق بولغىنىمىزغىمۇ ئىشەنمەيمەن.

ـــ نېمىشقا؟

ـــ باللىق بولغاندا، سېزىك بولىدىكەنمەن، مەن سېزىك بولمىدىم.

ـــ ئەمىسە قورسىقىڭدىكى نېمە؟

ـــ بىلمىسەم ...

غالىبنىڭ بېشى قاتتى، بىر تۇرۇپ ئويلىسا خوتۇنىنىڭ توغرا، ئۇنىڭدا سېزىك ئالامەتلىرى يوق. غالىب ئەتە ئەڭ چوڭ دوختۇرخانىغا كۆرسىتىپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

× × ×

ياش ئەر ـ خوتۇنلار بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمەي دوختۇرخانىغا كېلىشتى. گۇلجاھاننى تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ ۋراچ دوختۇرى ھەجەر تەكشۈردى، ھەجەر گۇلجاھاندىن سوراپ، كۆڭلى ئايىنىش، ھۆ قىلىش، تاماققا رايى بارماسلىقىغا ئوخشاش سېزىك ئالامەتلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ئۇ «ئاق، ياكى كۆك» دەپ دىئاگنوز قويمىدى. ئۇ گۇلجاھاننى زالدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور ئابلانىڭ ئىشخانىسىغا كىردى ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى.

— مېنىڭچە قورساقتىكى ئۆسمىدەك قىلىدۇ، — دېدى ھەجەر دوختۇر.

— قويغان دىئاگنوزىڭىز توغرىدەك تۇرىدۇ، سىز بۇ ئاغرىقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈڭ.

— بىراق، ئۇ چوكان نېمە دەركىن، گەپ سورىسام ئارانلا جاۋاب بېرىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ باقاي.

— شۇنداق قىلىڭ، بۇ بىچارىنىڭ روھى شۇنچىلىك چۈشكۈنكى، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ.

— ئەمىسە چاقىرىپ كېلىڭ!

ئابلا گۇلجاھانغا ئاتىلارچە يۇمشاق، سىلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ توڭلىغان دىلىنى ئېرىتتى. ئۇ:

— سىزنىڭ قورسىقىڭىزدىكى بالا ئەمەس، — دېدى

كەسكىن ھالدا، — ئۇ بىر ئۆسمە گۆش!

گۇلجاھاننىڭ بىردىن قورسىقىدىكى ئېغىر يۇك چۇ-شۇپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئۇ دىلىدىكىنى ئوب-چۇقلا دېدى:

— سىز رەھمەتلىك دادامدەك ئىكەنسىز، شۇڭا سىزگە دەۋېرەي، مۇشۇ دۇمباق تۇپەيلى ئۆيدىمۇ، كوچىدى-مۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىدىم. ئۆيدىكىلەر بىلەن كو-چىدىكى خوتۇنلار مېنى «بۇزۇق» قا چىقىرىۋەتتى، بۇ ھاقارەت، تاپا - تەنە، دەردكە چىدىماي، ئېسىلىپ ئۆلۈ-ۋالماقچى بولدۇم. بۇ قېتىم يا ئاق، يا قارا بولىمەن، قارا يۈز بولسام، سىرتماقتا ئۆلۈۋالىمەن.

ئۇ، ئۆپكىدىگەن پېتى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

× × ×

دوختۇرخانىدا قان، بۆرەك، ئۆپكە، قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈش بىلەن ئون بەش كۇن ئۆتۈپ كەتتى، ئون ئالتىنچى كۇنى گۇلجاھان ئوپېراتسىيە قىلىندى. بۇ كۇنى غالىب بىلەن گۇلەندەم ئەندىشە، ۋەھىمە ئىچىدە ئوپېرات-سىيە بۆلۈمى ئالدىدا تۇراتتى، ئۇلار ئوپېراتسىيە بۆلۈمى-دىن چىققان ھەجەر دوختۇرنىڭ ئالدىغا يۇگۇردى.

— دوختۇر ھەدە، بالىمكەن؟ — دەپ سورىدى غا-لىب.

ھەجەر ئۇلارنى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ يېنىدىكى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى، ئۇ دۇگىلەك شېشىنى كۆرسى-تىپ:

— مانا، بەش ئايلىق بالىڭىز، — دەپ كۈلدى غالىبقا قاراپ:
گۈلەندەم بىلەن غالىپ شىپشىدىكى نوگاي بىشىدەك دۈگىلەك، قىپقىزىل گۆشكە قاراپ ھالڭ ـ تاڭ قالدى. گۈلەندەم:
— ۋاي ئاللىمەي، بۇ ـ بۇ نىمىدۇ؟! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى.
— ياخشى سۇپەتلىك ئۆسمە! — دىدى ھەجەر دوختۇر.
— دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانىسى، — دىدى گۈلەندەم ھاياجان بىلەن، — دوختۇرنىڭ دوختۇرى بولىدىكەن، بەش دوختۇرخانىغا بارساق «بەش ئايلىق بالا» دىگەنىدى. مانا سىزلا ھەقىقىي دوختۇر ئىكەنسىز، سىزگە مىڭلارچە رەھمەت!
— ھەجەر ھەدە، گۈلجاھاننىڭ يىنىغا كىرسەم بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى غالىب.
— كىرىۋېرىڭ.
غالىب ئالدىراپ ماڭدى، گۈلەندەممۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
بۇ ئىش شۇ كۈنىلا غالىبنىڭ ئاپىسى، ھەدىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلاردىن مەھەللىدىكى غەيۋەتخور خوتۇنلار ئاڭلىدى. ئۇلار قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكە دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سادىرنىڭ يىلتىزى

— ھوي، قىزىموي، نېمانچە يىغلايسىز، قىزدىكىز خوتەن شەھىرىگە ياتلىق بولسا نېمە بوپتۇ؟! 12 ـ بوۋام سادىر پالۋاننىڭ ئاپىسىمۇ خوتەنلىك ئىدى. ئۇمۇ 11 ـ بوۋىمىز خۇشئەخمەتكە ئەگىشىپ ئىلىغا كېلىپ مۇشۇ يەردە ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن.

— پاھ، بۇ قالتىس توغرا كەپتۇغۇ، — دېدى ئايالنىڭ قىزىنى خوتەنلىك يىگىتكە بەرگەن تۇغقىنى، — بۇ تازا بىر ئەھمىيەتلىك ھېكايىدەك قىلىدۇ، بىزگە سۆزلەپ بېرىڭە ياقۇپكا.

— سۆزلەپ بەرسەم بېرەي، — دېدى 77 ياشلىق ياقۇپ بوۋاي، — ئەممازە، قىزىڭلار خوتەنگە ماڭغاندا يىغلىمايسىلەر جۇمۇ!

— بەلكىم مەدەت بولا! — دېيىشتى قىزنى ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ياقۇپ بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ.

ياقۇپ بوۋاي تەكىيگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

— بىز 19 ئەۋلاد ئىكەنمىز، 18 ـ بوۋام قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرىدىكى بوش ۋاراق ۋە يانلىرىغا مۇشۇ 19 ئەۋلادنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان يىللىرىنى يېزىپ قويغانىكەن. سادىر بوۋىمىز 12 ـ ئەۋلاد بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى

خۇشئەخمەت بوۋىمىز بۇنىڭدىن 198 يىل مۇقەددەم كارۋان بېشى بولغان ئاكىسى ھۇسيىن تۇغ بىلەن مانجۇ بېگىنىڭ يۇڭىنى خوتەنگە ئەپىېكىپتۇ. مانجۇ بەگ ئىلىنىڭ قوي يۇڭىنى گىلەمچىلەر شاھى خوتەنگە ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مانجۇ بەگ ھۇسيىن تۇغ كارۋىنىغا يۇڭنى تاپشۇرۇپ، خوتەن قەيەردە سەن؟ دەپ مېڭىپتۇ. ھۇسيىن ئېشەككە مىنىپ تۇغنى كۆتۈرۈپ يول باشلاپتۇ. …

بۇ قېتىمقى سەپەردە يامغۇر كۆپ يېغىپتۇ. ھۇسيىن تۇغ بىلەن خۇشئەخمەت زالىم بەگدىن نارازى بولغاچقا، يۇڭلارنى يېپىپ قويماپتۇ. كارۋان ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ گىلەم شەھىرىگە بېرىپتۇ. تاي - تاي يۇڭلارنى تۆگىلەردىن چۈشۈرۈپتۇ. ھۇسيىن تۇغ تۆگىلىرىنى ھەيدەپ چۆل ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

خوتەن گىلەمچىلىرى يۇڭ ئالماق بولۇپ تايلارنى چۇۋۇپ قارىسا يۇڭنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ ئىچ - ئىچىدىن چىرىپ كەتكەنىكەن. گىلەمچىلەر بۇ يۇڭلارغا قاراپمۇ قويماپتۇ. بۇ ھالدىن مانجۇ بەگ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ھۇسيىن تۇغنى ساقلاپتۇ، ئەمما ھۇسيىن كەلمەپتۇ. بەگنىڭ سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ. يامغۇر - يېشىندا يۇڭلارنى يېپىپ قويمىغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ ۋە كارۋاندىكى بەش تۆگىچىگە:

— نەگە بېرىشساڭ بېرىش، تۆگىلەرنى قاراقچى بۇلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ، يۇڭ چىرىپ يوق بولدى، — دەپتۇ.

خۇشئەخمەت ئاكىسىنى ئىزدەپ خېلى يەرلەرگە بار-

www.uyghurkitap.com

غان بولسمۇ تاپالماپتۇ، ئۇ شەھەرگە كەلگەندە چارچاپ ۋە قورسىقى ئېچىپ ھالىدىن كېتىپتۇ ۋە تۆت كوچا دوقمۇشىدا غېرىبسىنىپ قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

چىرىگەن يۇڭنى ئالمىغان مەتقاسىم دېگەن گىلەمچى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خۇشئەخمەتنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، ھالىڭ نېچۇك؟

بۇ سوئالدىن ئېگە كەلگەن خۇشئەخمەت ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن جاۋاب قىپتۇ:

— ئۆزۈمچە سايىداپ ئولتۇردۇم.

— ياقەي، يۇرتقا قايتالماي غەمدە قالدىم دېگۈلۈك. زىيان تارتقان مانجۇ بەگ تۇنۇگۈن بىر كارۋانغا قېتىلىپ كەتتى، ماقۇل كۆرسىگىز مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇپ گىلەم توقۇشنى ئۆگىنىڭ، — دەپتۇ مەتقاسىم. ئوبدانلا ھالىدىن كەتكەن خۇشئەخمەتنىڭ دىلى خۇش مۇئامىلىدىن سۆيۈنۈپتۇ. تەقدىرگە تەن بېرىپ مەتقاسىمغا شاگىرتلىققا كىرىپتۇ.

مەتقاسىم خۇشئەخمەتنى يۇڭ يۇيۇش، قۇرۇتۇش، ساۋاشقا ئوخشاش ئىشلارغا ساپتۇ. خۇشئەخمەت ئىشقا كىرىشكەن ھامان مۇڭلۇق ئىلى ناخشىلىرىمۇ تەڭ ياڭرايدىغان بوپتۇ. مەتقاسىمنىڭ كۆن بويى دەستىگاھ ئالدىدىن قوپماي گىلەم توقۇيدىغان ئاق يۇزلۇك، خۇمار كۆز، سۇمبۇل چاچ، خۇش پىچىم قىزى خۇشئەخمەتكە ئىللىق چىراي بىلەن تىكىلىپ قارايدىغان بولغاندىن كېيىن خۇشئەخمەتمۇ ناخشىغا تېخىمۇ چوڭقۇر مۇڭ ۋە مەنە قوشىدىغان

بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ناخشىدىكى ئاتا ـ ئانا، يار ـ بۇرادەر ۋە يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى مەتقاسىمنىڭ يۇرەك تارىنى چەكسە، كېچىلىرى ئېيتقان ئوتلۇق مۇھەببەت ناخشىلىرى قىزنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، يۇرىكىگە ئوت ساپتۇ ...

ياقۇپ بوۋاي سىركايىدىكى چاينى سۇمۇرگەندىن كېيىن، ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— كۈنلەر ئايلارنى قوغلىشىپ يىل ئاتلاپتۇ. ئەمدى خۇشئەخمەتنىڭ ناخشىسى دۇتار بىلەن ئېيتىلىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا، بولۇپمۇ كېچىسى ئېيتىدىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىغا خۇشتار بولغان قىز مەتقاسىمنىڭ دۇتارىنى خۇشئەخمەتكە ئەپچىقىپ بەرگەنىكەن.

مەتقاسىم يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان سېخىي ئادەم بولۇپ، بىر يىلى بۇ قىزنىمۇ بەش ياش چېغىدا بېقىۋالغانىكەن. بالا دەردىدە سەكپارە بولغان ئانا قىزنى پۈتۈن مېھرىنى سەرپ قىلىپ چوڭ قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا گىلەمچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىتىپتۇ. 15 ياشقا كىرىپ قالغان قىزنىڭ خۇشئەخمەتنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە، ئىشچانلىقىغا، بولۇپمۇ مۇھەببەتلىك ناخسىغا ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىنى سەزگەن مەتقاسىم ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە بەرھەم بېرىشنى راۋا كۆرمەي خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ ۋە ئاددىيلا توي چېيى بېرىپ ئىككىسىنى نىكاھلاپ قويۇپتۇ، ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن خۇشئەخمەتنىڭ خوتۇنى ئېغىرئاياغ بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشئەخمەت بەكلا خۇشال بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا كۆڭلى غەش بوپتۇ، ئاتا ـ ئانا، ئەل ـ يۇرتى ئېسىگە

كېلىپ يۇرتىكى ئۆرتىنىپتۇ. مەتقاسىم ئۇنىڭ روھسىز يۇر-
گىنىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:
— شۇكلا بولۇپ كەتتىڭىزغۇ بالام، يەنە نېمە غەمدە-
سىز؟
— ئاتا - ئانام، ئەل - يۇرت كۆزۈمدىن نېرى
بولمايۋاتىدۇ. ئاكام كەپتىكەن، ئۇ ماڭا «ئاپام سېنىڭ
دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالاي دېدى»
دەيدۇ. ئۇ ھەپتىدىن كېيىن تۆگىلەرگە گىلەم يۈكلەپ
قايتىدىكەن. ئاتا، ماڭا يەنە بىر ياخشىلىق قىلىپ ئىجازەت
بەرگەن بولسىلا، ئاتا - ئانامنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇلارنى
خاتىرجەم قىلسام!
— خوتۇنىڭىزنى تاشلاپ كەتمەيدىغانسىز؟
— ئىجازەت بەرسىلە بىللە ئېلىپ كېتەي، بىز
سىلىنى ھەرگىز تاشلىمايمىز.
مەتقاسىم ئىجازەت بېرىپتۇ. ئۇلار ھۆسىيىن تۇغىنىڭ
كارۋىنىغا قېتىلىپ يۇرتقا ساق - سالامەت يېتىپ كەپتۇ.
خۇشئەخمەت ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش، ئەل - يۇرت
بىلەن دىدارلىشىپتۇ. خۇشئەخمەت يەتتە ئايدىن كېيىن
ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئوغۇل ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ
تۇغۇلۇپتۇ، خۇشئەخمەت ئوغلىغا «سادىر» دەپ ئىسىم
قويۇپتۇ ...
شۇنداق، ئەزەلدىن ئەزەل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە
شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار قۇدا - باجا بولۇشۇپ كەلگەن،
قىزىڭلار خۇددى خۇشئەخمەت بوۋىمىز خوتەنلىك گىلەمچى
قىزنى ياقتۇرۇپ قالغىنىدەك، خوتەنلىك يىگىتنى ياقتۇ-
رۇپ قاپتۇ، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ ئۇ چاغلاردا ئىلىدىن

خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن نەچچە ئايلاپ يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، ھازىر ئۈچ كۈندىلا بارغىلى بولىدۇ. قىزىلار كېلىپ - كېتىپ تۇرالايدۇ، سىلەرمۇ بېرىپ ئانا يۇرتنى كۆرۈپ كېلەلەيسىلەر...

— ما توغرا كەلگىنىنى قارىمامدىغان؟

— ياقۇپكام توغرا ئېيتىدۇ، ھازىر خوتەن بىلەن ئىلىنىڭ يولى قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، قىزىمىزنى خۇشال - خورام ئۇزىتىپ قويايلى.

توي بولغان بۇ ئائىلىدىكى غەم، ئايرىلىش دەردى بىردىنلا خۇشاللىققا ئايلاندى

2002 - يىلى 3 - سېنتەبىر

www.uyghurkitap.com

# مېنىڭ قوشنام

بىز ئولتۇرغان بىنا شەھىرىمىز بويىچە چىرايلىق، بىنانىڭ ھەربىر ئىشىك ئالدى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھويلا. بۇ ھويلىلارنىڭ قاناتسىز ئىشىكىدىن كىرسىڭىز ئوتتۇرىدا گۈللۈك، ئىككى تەرىپى ئۈزۈم باراڭلىق بولۇپ، ئۈزۈم تاللىرى تۆمۈر باراڭ ئارقىلىق ئامبار ئۆيلەرگە يامىشىپ تۇرىدۇ. ئۈزۈم بارىڭىدىن ئۆتسىڭىز ئوڭ ـ سول تەرىپىدە گۈللۈك بار، گۈللۈكنىڭ بىر چېتىگە ئالما، ئۆرۈك، سېرىنگۈل دەرەخلىرى تىكىلگەن. قالغان ئۈچ تەرىپىنى بويلاپ يەرلىك ئەتىر ـ قىزىل گۈللەر ئوتقاشتەك ئېچىلىپ، ھويلا، ئۆيلەرگە ئەتىر چېچىپ تۇرىدۇ. گۈللۈك ئوتتۇرىسىدا سىماب گۈلى، نامازشام گۈلى، مەخمەل گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، پېنسىيىگە چىققان قوشنام مۇشۇ ئۈزۈم، ئالما ـ ئۆرۈك، گۈللەرنىڭ غەمگۇزارى. ئۇ سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىنايىمىزنىڭ قوروسىنىڭ چىمەنلىكىدە ئاستا يۈگۈرۈيدۇ، كېيىن ساپ ھاۋانى سۈمۈرۈپ تۇرۇپ تەنھەرىكەت ئوينايدۇ. ئۇ تەنھەرىكەت ئويناپ بولۇپ، مۇزدەك تۇرۇبا سۇيىدە يۇيۇنۇپ، غەمخورلۇقنى باشلايدۇ. گۈللەرگە يېپىشىۋالغان يۆگىمەشلەرنى يۇلىدۇ، يىقىلىپ قالغان گۈللەرنى يۆلەيدۇ. ياۋا چۆپلەرنى يۇلىدۇ، سۇغىرىدۇ. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى ھويلىنى

پاكىز سۈپۈرىدۇ. ئاندىن ئەتىگەنلىك چىيىنى ئىچىپ، پارقىراپ تۇرغان يېڭى ۋېلىسىپىتىغا مىنىپ بازارغا چاپىدۇ. ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق رەتلىك.

مېنىڭ پېنسىيىگە چىققان بۇ قوشنام جىم تۇرمايدىغان ئادەم بولغاچقا، يېشى 60 تىن ھالقىسىمۇ كەڭ پېشانىسىگە قورۇق چۈشمىگەن، يوغان كۆزلىرى بۇركۈت كۆزىدەك ئۆتكۈر، قوش بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىرىپ تۇرىدىغان ئات يۈزى قىزىل بولۇپ، بەقۇۋۋەت ياش يىگىتلەردەك گۈس - گۈس دەسسەپ ماڭىدۇ. ئاۋازىمۇ كىشىنىڭ قۇلاق پەردىسىنى تىترەتكۈدەك بوم ۋە گاراڭ - گۈرۈڭ، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— سىلە بوغالتىرلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچە دىكتور ياكى ئاۋاز ئارتىسى بولساڭلار بوپتىكەن، — دەيمەن. قوشنام بولسا:

— ئوقۇۋاتقىنىمدا، بۇرنۇمنىڭ يوغانلىقىغا قاراپ، چەت ئەللىك پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئېلىشقا تاللىغانىدى، رەھمىتى دادام ئۇنىماي قېپقالغانتىم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

— ئەمىسە، — دەپ چاقچاق قىلىمەن مەن، — ئەمدى مەزىن بولساڭلار بولغۇدەك.

ئۇ يازدا ئاق كۆڭلەك، قارا تامبال، پۇتىغا چۆرىسى يېرىق پوپۇش، بېشىغا دۇخاۋا بۆك، قىشتا كالتە جۇۋا، ئۆتۈك - كالاچ، شىلەپە كىيىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇنىڭ ئوغلى خىزمەتكە چىقىپلا بىرىنچى ئايلىق مائاشىغا ئۇنىڭغا بىر يېڭى ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن قوشنامنىڭ يولى قىسقىراپ، نەۋرىلىرىگە قاراشقا،

تەگتۇش – ئەل – ئاغىنىلىرى بىلەن بىردەم – يېرىمدەم پاراڭلىشىشقا، توي – تۆكۈن، ئۆلۈم – يېتىم ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا ۋاقتى چىقمىدىغان بولدى. ئۇ پېنسىيىگە چىققىچە ئۆز پۇلىغا سېتىۋېلىپ مىنگەن، جۇلىقى چىقىپ كەتكەن «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلسىپىتىنى ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇۋېتىپ، رازىمەنلىك بىلەن ماڭا مۇنداق دېدى:

— ئوغۇل دېگەن يەنىلا ئوغۇل بالا – دە، ئۇ يېڭى شەيتانچاق ئېلىپ بېرىۋىدى، يۈرىكىممۇ ياشارغاندەك بولدى.

قوشنام بۈگۈنمۇ بازاردىن ئەكەلگەنلىرىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. بىر چىنە ئۇسسۇزلۇق ئىچتى، ئاندىن ۋېلسىپىتنى ئامبارغا ئەكىرمەكچى بولۇپ چىقتى. لېكىن، يېڭى ۋېلسىپىت ھويلىدا كۆرۈنمەيتتى.

قوشنام ئىچكىرى – تاشقىرى ھويلىلارنىڭ ھەممە يېرىنى ئاقتۇرۇپ، كوچىلاردىن ئىزدەپمۇ كىردى، لېكىن تاپالمىدى!

قوشنام ئادەتتە قائىدە – يوسۇنلۇق بولۇپ، خۇشخۇي يۈرەتتى، ئۆزىنى سالماق تۇتاتتى، گەرچە دەردىنى ئىچىگە يۇتقان بولسىمۇ، ئوغلى ئالدىدا شەيتانچاقنى يىتتۇرۇپ قويغىنىغا ئۆكۈندى. ئوغلى ئۇنى دەپ، بىرىنچى مائاشىنى خەجلىمەي ئېلىپ بەرگەن تۇرسا، ئۇنى ئاي بولمايلا ئوغرىغا بەرسە ئوغلى ئاتىغا ئىشىنەمدۇ؟! «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك قوشنام قورۇنغانسېرى ئوغلى كېلىپلا:

— دادا، ۋېلسىپىتىڭنىڭ ئاچقۇچىنى بەرگىنە،

ساقچىخانىغا ئاپىرىپ نومۇر ئۇردۇرۇپ كېلەي! — دەپ قالدى.

مانا سەتچىلىك، ئاتا بالىسى ئالدىدا تۇنجى قېتىم قىزاردى.

— هەي، كەمبەغەللىنىڭ ئاغزى نانغا تەگكەندە ... هەي ...

— نېمە بولدى - هە؟

— بايا هويلىدىن ئوغرى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئوتياشلار بىلەن گۆشنى ئۆيگە ئەكىرىپ چىققانلىقىنىڭ ئارىلىقىدا.

— ما پېشكەللىكنى، قۇلۇپ سالمىغانمىتىڭ؟

— بىردەملىككە هېچكىم ئالماس، دەپ سالماپتىكەنمەن.

— خەپ، بۇ ئوغرىنى تۇتۇپ قولىنى سۇندۇرمىسام!

ئوغلىنىڭ مىجەزى دادىسىنىڭ ئەكسى. ئۇ ئالدىراقسان، يېنىك تەبىئەتلىك بولۇپ، ئويلىماي ئىش قىلىپ قوياتتى. ئاتا ئوغلىنىڭ بۇ تەرىپىنى چۈشىنەتتى، يەنە ئۇنىڭ تۇنجى ماشىنىنى ئوغرى ئالغىنىغا چىداپ تۇرالمايدىغىنىنىمۇ بىلەتتى، 15 ئاي ماشىنىسىز خىزمەت كۆتۈپ، تېخى يەنە ئۈچ ئاي بىكار ئىشلىگەندىن كېيىن ئاران دېگەندە ئالغان ماشىنىنى ئوغرى بۇلاپ كەتسە كىممۇ چىدىيالىسۇن! ئوغۇل ئىدارىسىگە ئەھۋالنى دەپ رۇخسەت سورىدى - دە، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ۋېلىسىپىتىنى ئىزدىدى، ساقچىخانا تېخى «نېمىشقا نومۇر ئۇردۇرمىدىڭ» دەپ دوق قىلدى. ئوغلىنىڭ شۇ كېچىسى ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ ئۇيقۇ ئورنىغا ئاچچىق يۇتۇپ چىقتى. ئادەتتە كۈندە ئاپىسى

«قوپساڭچۇ بالام، سىنى ئىدارەڭدە ئۇلۇغ ئىشلار كۇتۇۋاتىدۇ» دەپ ئاران ئويغىتاتتى. قۇياش نۇرى دېرىزىدىن كۆزىگە چۈشكەندىلا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوپۇل - توپۇل يۇيۇناتتى - دە، چالا - پۇلا ناشتا قىلىپ ئىدارىسىگە چاپاتتى. بۇگۈن ئاپىسىنىمۇ، قۇياش نۇرىنىمۇ ئاۋارە قىلمىدى، خاراموش هالدا ئورنىدىن تۇردى، چىملىقتا تەنهەرىكەت ئويناۋاتقان دادىسىغىمۇ قارىماي، هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

قوشنام بۇگۈن تويغىمۇ، بازارغىمۇ بارالمىدى، هويلىغا كىرگەن ئوتياشچىدىن قىممىتىگە پەمىدۇر، لازا ئالدى. ئۇ ئوغلىدىن ياشلىق قىلىپ بىرەر بالا تېرىپ قويمىغىدى دەپ ئەنسىرەيتتى. ئوغلى كەچتە هارغىن هالدا كەلگەندىلا خاتىرجەم بولدى. ئۇ:

— بولدى ئوغلۇم، ئەمدى ئىزدىمە، ئەتىلا ۋېلىسىپىت ئالىمەن، بالا - قازا ئاشۇ يىتكەن ۋېلىسىپىت بىلەن كەتسۇن، — دېدى.

ئوغۇل ئەركە ئۆسۈپ، ئەركىن مىجەزلىك بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇ دادىسىغا توڭ - توڭ تەگدى:

— نېمىگە بولدى قىلغۇدەكمەن! 385 سوملۇق ۋېلىسىپىت بۇ، ئۇنى كاشكى بىرەر ئاي مىنگەن بولساڭ كىمنىڭ دەردى.

قوشنام ئوغلىنىڭ كېلىشكەن بەستىگە قاراپ دائىم «ماڭا ئوخشايدۇ» دەپ مەستلىكى كېلەتتى، شۇڭا، ئېغىز ئالمىدى.

ئوغۇل تۇيۇقسىزلا دادىسىدىن سوراپ قالدى:

— دادا، ئائىلىمىزنىڭ مال - مۈلكىنى سۈغۇرتىغا

قاتناشتۇردۇڭغۇ ـ ھە؟
دادىسىنىڭ «ھەئە» دېگەن جاۋابىدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل نۇر پارلىدى. ئۇ خوشال ئاۋازدا:
ـــ كىنىشكىنى ماڭا بەرگىن، ـــ دېدى.
ـــ نېمە قىلماقچى سەن؟
ـــ ۋېلىسىپىتمۇ سۇغۇرتىغا كىرىدۇ. سۇغۇرتا تۆلەم بېرىدۇ.
ـــ ھوي، ئۆيدىكى نەرسىلەرلا سۇغۇرتا بولىدۇ، دېگەن.
ـــ بىز ئوغرى قۇلۇپنى بۇزۇپ ۋېلىسىپىتنى ئوغرىلىغان دەيمىز.
ئاتا ئوغلىنى رايىدىن قايتۇرالمىدى، يەنە بىر نېمە دەي دېسە ئوغلىنىڭ رەنجىپ خۇيى تۇتۇپ قېلىشىدىن قورقتى. ئۇ سۇغۇرتا كىنىشكىسىنى بەردى. ئاتا يەر ئاستى ئۆيىدىن تاقىلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئوغۇل ئەتىسى يەنە سەھەر تۇرۇپ، چېيىنى ئىچىپلا چىقىپ كەتتى، ئالاھازەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ئۇ سۇغۇرتا خادىملىرىنى باشلاپ كەلدى، ئۇلار ئىچىدە بىر ساقچىمۇ بار ئىدى. ئوغۇل ئۇلارنى توغرا يەر ئاستى ئۆيىگە باشلاپ كىردى، سۇغۇرتا شىركەت خادىملىرى بىلەن ساقچى تەكشۈردى، ئاندىن قوشنامنى ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇزۇپ سۈرەتكە ئالدى.
ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، تۆتىنچى كۈنى چۈشتە ئوغۇل ئۆيگە دادىسىغا ئېلىپ بەرگەنگە ئوخشاش بىر ۋېلىسىپىتنى مىنىپ كەلدى.
بىر كۈنى قوشنام كۆكتات بازىرىغا كەتتى، ئۇ تۆت

كوچىدىن ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇقتەك ئۇچۇپ كەلگەن بىر كىرا ئاپتوموبىلى ئۇنى زەرب بىلەن ئۇرۇۋەتتى، قوشنام ئۆلۈك تەرەپكە ئۇچۇپ چۈشتى، ۋېلىسىپىت چاق ئاستىدا مىجىلدى، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان بۇ ھادىسىنى پەيدا قىلغان كىرا ئاپتوموبىلى قېچىپ كەتتى، قوشنامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، كالپۇكلىرى چىڭ يىمىرىلگەن، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر تامچىلىرى چىققانىدى، ئۇنىڭ سول پۇتىدىن چىققان قان ئاسفالىت يولنى قىزىلغا بوياۋاتاتتى. توپلانغان كىشىلەردىن بىرسى بىر كىرا ئاپتوموبىلىنى توستى، كىشىلەر قوشنامنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئاپتوموبىلغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. قوشنامنىڭ سول پۇتى سۇنغانىدى. ئۇ شىپاخانىدا ئۈچ ئاي ياتتى. دوختۇرخانىدىن بولسا قولتۇق تاياقتا چىقتى.

قوشنىلار بىرلىكتە ئۇنى يوقلاپ كىردۇق، ئاتا ـ بالا جىددىي پاراڭلىشىۋېتىپتىكەن. قوشنام ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا سېلىنغان كۆرپىلەر ئۈستىدە سۇنغان پۇتىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، ئېڭىكىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇۋېتىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى. بىز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن قوشنام مۇنداق دېدى:

— ھەي، مۇشۇ بالا نادانلىق قىلىپ، ئوغرى يەر ئاستى ئۆينىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ ۋېلىسىپىتنى ئوغرىلاپ كەتتى، دەپ سوغۇرتا شىركىتىنى ئالدىمىغان بولسا، بۇ پېشكەللىك بولمىغان بولاتتى.

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى دادا، ناھايىتى سوغۇرتا شىركىتى تۆلەم بېرىپ، پۇلىمىزنى قايتۇردى شۇ. شىركەتنىڭ 385 سوملۇق ۋېلىسىپىتنىڭ تۆلەم ھەققىنى ئال-

غىنىم هارام ئەمەسقۇ دادا!
— بولدى، ئەمدى ماڭا شەيتانچاقنىڭمۇ كېرىكى يوق، هارامدىن كەلگەن شەيتانچاق مېنى بىر زەمبىل گۆش قىلىپ قويدى. تالا - تۈزنىڭ ئىشى ئەمدى ساڭا قالدى، — دېدى قوشنام قوپاللىق بىلەن.
ئوغلىنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇ-رۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. مەن قوشنامغا تەسەللى بەردىم ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدۇم:
— بالىغا بەك قاتتىق تېگىپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن، سىلىقراق گەپ قىلسىڭىز بولاتتى. بۇ بىر تىلغا ئالغىچە-لىك يامان ئىشمۇ ئەمەسقۇ؟
— يامان ئىش بولمىسىمۇ يامان ئىللەت. بۇ ئىللەت يامان ئىشنىڭ يوچۇقى، يوچۇقنى كىچىكىدىلا ئېتىۋېتىش كېرەك. بولمىسا، يامان ئىش ئۇلغىيىدۇ، مەنمۇ ئوغ-لۇمنىڭ مەندەك پاك - دىيانەتلىك ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن - دە، — دېدى قوشنام.
بىز قوشنىمىزنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق ئورنىدىن تۇرۇشىغا تىلەكداشلىقىمىزنى بىلدۈ-رۈپ قايتىپ چىقتۇق.

2001 - يىلى 3 - فېۋرال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىر بىلەن ئوقۇغۇچى

ئادىلنىڭ ساۋاقداشلىرى شەنبىلىك تاماشىغا تەييارلىق قىلىپ، كاستيۇم - بۇرۇلكىلىرىغا دەزمال سىلىۋاتاتتى. ئادىل ئۇلارغا ھەۋىسى كەلگەندەك بىرھازا قاراپ ئولتۇر- دى، كېيىن ئىچىدە ئۇھسىنىدى.

ئادىلنىڭ دەزمال سالغۇدەك كاستيۇم - بۇرۇلكىسى يوق، پەقەت دىجەندىن تىكىلگەن، ئەرزان باھالىق ئىككى قۇر ئىشتان - چاپىنى بار، خالاس. ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ياتىقىدىكى ساۋاقداشلىرى مۇشۇنداق ياسىنىپ - تارىنىدۇ، ئۇلار كىنو، تانسىغا بارىدۇ ياكى باشقا ئالىي مەكتەپلەردىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ياتىقىغا مېھمان بولۇپ بارىدۇ. ياتاقتا ئادىللا يالغۇز قېلىپ دەرس تەكرارلايدۇ. ئەدەبىيات دەرسىگە دائىر كىتابلارنى ئوقۇيدۇ، خاتىرە قال- دۇرىدۇ. ئۇ دائىم «ئوقۇغىلى كەلدىممۇ، دېمەك ئوقۇشۇم كېرەك، ئويۇن تاماشا تېپىلىدۇ، ئەمما بىلىم تېپىلمايدۇ، دادام: ‹ياش ۋاقتىڭدا ئوقۇساڭ تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، مەندەك قېرىغاندا ئوقۇساڭ قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك بولى- دۇ› دەيتتى. بىچارە دادام ياخشى ئوقۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرۈپ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشىم ئۇ- چۇن، ھەتتا ئۆيىمىزنى ئاقلاۋاتقان موزايلىق سىيىرىمىزنى سېتىپ ئۇنىۋېرسىتېتقا يەتتە يۈز سوم تۆلىدى. دادامنىڭ

بۇ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە تىرىشىپ بىلىم ئېلىپ بارمىسام قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن! » دەپ ئويلايتتى.

ئادىل بۇگۇنمۇ ياتىقىدىكى ئوپۇر ـ توپۇرچىلىقتىن ئىچى سىقىلىپ مەكتەپ سەيناسىغا چىقتى، سىرتتا قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. ئادىل ئالىقىنىنى ئېچىپ قارغا تۇتتى، قار ئالىقىنىغا چۈشۈپلا ئېرىپ كەتتى. بىراق، بۇ يۇلتۇز ـ سىمان قار ئۇچقۇنلىرى ئادىلنىڭ قەلبىدە بېسىپ بولمايدىـ غان كۈچلۈك ھاياجان قوزغىدى. ئادىل ياتىقىغا يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدى، ئۈستەل يېنىدىكى كارىۋاتنىڭ گىرـ ۋىكىدە ئولتۇردى ـ دە، قولىغا قەلەم ئالدى. دەپتىرىنىڭ بىر ۋارىقىغا «قار چېچەكلىرى» دېگەن خەت چېكىلدى.

ئادىل ئەتىسى «قار چېچەكلىرى» دېگەن شېئىرىنى بىر ئەدەبىي ژۇرنالغا ئاپىرىپ بەردى. ئارىدىن يىرىم نەچچە ئاي ئۆتتى، لېكىن شېئىرى ئېلان قىلىنمىدى، تەھرىر بۆلۈمىگە باردى ـ دە، تارتىنغان ھالدا ئىشىكتىن كىردى، ئاسمان رەڭ يۇڭ رەختتىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، بوينىغا ئاق گالستۇك تاقىغان، بۇدۇر چېچى پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان يىگىت باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتاتتـى. ئادىل بوسۇغىدا خېلى تۇردى. ئاخىرى بولالماي يۆتىلىپ قويدى، شۇندىلا ھېلىقى يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىـ دا تارتىنىپ تۇرغان يىگىتنى كۆردى ۋە:

ـــ خوش، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ ـــ دەپ سورىـ دى.

ـــ ھە، ئىككى، ئۈچ ئاي ئاۋۋال بىر . . . بىر شېئىر ئەكىلىپ . . .

ـــ شېئىر ئەكەلگەنمىدىڭىز، ماۋزۇسى نېمە؟

www.uyghurkitap.com

— «قار چېچەكلىرى».

تەھرىر ئۇستىلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېچىلمىغان كونۋېرتلارغا قاراپ قويۇپ:

— ھە تېخى كۆرمىدىم، كۆرگەندىن كېيىن بىر نېمە دەي، — دېدى.

ئادىل بۇ ئىشخانىغا قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كەتتى. ئۇ، يېقىندىن يازغان شېئىرلىرىنى ئېلىپ بارغانىدى. مۇھەررىر بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ئەكىلىپ بەرگەن «قار چېچەكلىرى»نى كۆرمىگەن يەردە، بۇ شېئىرلىرىنى كۆرۈشكە چولىسى تەگمەيدىكەن ـ دە.

— ھە، ئاداش، دوقۇرۇپ باقتىڭمۇ؟ نېمە دەيدۇ؟

— تېخى كۆرمەپتۇ.

ئادىل ئاسىمنىڭ سوئالىغا قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— ھەي ئاداش، قۇرۇق گەپ ھازىر ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايدۇ. ئۇنى مېھمان قىلىپ تونۇشۇۋال.

ئادىل ئاغىنىسىنىڭ بۇ گېپىگە سەل ئەجەبلەندى، يۇرتىدىكى گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرىنى بىر قېتىممۇ مېھمان قىلمىغان، شۇندىمۇ بىر نەچچە شېئىرىنى گېزىتتە ئېلان قىلىپ ئىلھام بەرگەنىدى ـ دە.

ئادىل دەرستىن چۈشۈپ كۇتۇپخانىغا كىردى، ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسىگە قارىدى، شېئىرى يوق ئىدى. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئاسىم مەسلىھەت ۋە مەدەت بەردى:

— ھە، بەرمەپتىمۇ، مەن دېمىدىممۇ مېھمان قىل دەپ.

— پۇلۇم بولمىسا ھاك بىلەن زاكىتا مېھمان قىلىمەنمۇ؟

— پۇلۇڭ بولمىسا مانا پۇل، ھازىرلا ھېلىقى مۇ-
ھەررىرنى ئاشخانىغا باشلا، — دېدى ئاسىم ئون سومنى
بېرىپ.

ئادىل ئاغىنىسىگە مىننەتدارلىق نەزەرىدە قارىدى. ئۇ
كەچ سائەت بەشكە ئۇلگۇرۇپ ھېلىقى مۇھەررىرنىڭ ئىشخا-
نىسىغا كىردى.

— ھە، سىز كىم بولىسىز؟

— مەن . . . مەن «قار چېچەكلىرى» شېئىرىنى
ئەكىلىپ بەرگەن ئادىل بولىمەن، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋا-
تىمەن.

— ھە، ئۇ شېئىرىڭىز قېنى؟

— بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ئەۋەتكەنىدىم، مۇھەررىر
ئاكا، ھازىر كەچ كىرىپ قالدى، بەللە تاماقلىنايلى. مەن
يەنە شېئىرلار ئېلىپ كېلىۋېدىم، ئاشخانىدا پاراڭلاشساق.

— شېئىرلىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، — دېدى مۇھەر-
رىر ۋە ئادىل سۇنۇپ بەرگەن شېئىرلارنى سىم سېتكا
ئىچىگە سېلىپ قويدى.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىشتى، ئادىل تاماق ۋە بىر بوتۇلكا
پىۋا ئالدى. مۇھەررىر تاماق يەۋېتىپ:

— شېئىرلىرىڭىزنى ئەتىلا كۆرىمەن، كېلىپ تۇ -
رۇڭ، — دېدى. مۇھەررىر.

ئادىل زور ئۈمىد بىلەن قايتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، دادىسىدىن ئاتمىش يۈەن
پۇل بىلەن خەت كەلدى، ئادىل ئىمتىھانلارنى بېرىش بىلەن
ئالدىراش بولغاچ تەھرىر بۆلۈمىگە بارالمىدى ۋە ژۇرنالنىڭ
بىرىنچى ئايلىق سانىنىمۇ كۆرەلمىگەنىدى، ئۇ ئاخىرقى

ئىمتىھاننى بېرىپ بولۇپلا كۇتۇپخانىغا كىردى. شېئىرى بىرىنچى سانىغىمۇ بېسىلماپتۇ. ئۇ مەيۇس ھالدا ياتىقىغا كىردى. ئاسىم ئۆيگە بېرىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئادىلنىڭ چۈشكۈن ھالىتىنى كۆرۈپ مەسلىھەت بەردى:

— دوستۇم، ئۇ سىنىڭ بىرەر قېتىم تاماق ئېلىپ بەرگىنىڭگە شېئىرىڭنى بەرمەيدىغاندەك. يەنە بىر قېتىم مېھمان قىلىپ باققىن. بىر شېئىرىڭ ژۇرنالغا چىقسىلا، شېئىرلىرىڭ كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋېرىدۇ، مەنمۇ شۇنداق قىلغانىدىم.

ئادىل ئويلاندى، ئاسىمنىڭ گېپىگە كىرىپ مۇھەررىرنى مېھمان قىلاي دېسە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بارالمايدۇ. مېھمان قىلمىسا شېئىرىنى بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. قانداق قىلسا بولار؟ ئۇ، ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى تەتىلدە ئۆيگە بارماسلىق قارارىغا كەلدى. ئادىل ئۆزۈن بىر پارچە خەت يازدى. مەكتەپ ئاشخانىسىدىن بىر كىلوگرام خاسىڭ مېيى، بازاردىن ئىككى كىلوگرام ئانار ئالدى ـ دە، بىر خالتا قىلىپ ئاسىمغا بەردى. ئاسىم كەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىغا يىگىرمە سوم سېلىپ تەھرىر بۆلۈمىگە باردى. مۇھەررىر يەنىلا باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتاتتى.

— ھە، كەلگىن داشۆسىڭ، شېئىرلىرىڭنى كۆردۇم، يامان ئەمەس يېزىپسەن، سەندە ئۈمىد بار.

مۇھەررىرنىڭ بۇ ماختىشىدىن ئادىلنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى. ئۇ ھاياجان بىلەن:

— تەھرىر ئاكا، ۋاقتىڭىز بولسا، سىرتتا بىردەم ـ يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق.

— رەھمەت، سەن ئوقۇغۇچى تۇرساڭ.

— باشقىغۇ ئىش يوق، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇ-
رايلى.

مۇھەررىر قەغەزلىرىنى يىغىشتۇردى. ئادىل ئۇنى يە-
نە دەسلەپ ئەكىرگەن ئاشخانىغا باشلىدى ئۇلار يەنە ئىچىش-
تى. تاماقتىن كېيىن:

— «قار چېچەكلىرى» شېئىرىك بىرىنچى سانغا
ئۈلگۈرمىدى، بىز ئۇن بىرىنچى ئايدا تەھرىرلەپ، ئون
ئىككىنچى ئايدا باسما زاۋۇتىغا ئۆتكۈزىمىز ئەمەسمۇ. ھا-
زىر شېئىرلىرىڭنى ئىككىنچى سانغا تەييارلاپ قويدۇم.

بۇ خۇش خەۋەرگە ئادىل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي
قالدى. پەقەت مۇھەررىرنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇ-
رۇپ:

— رەھمەت، ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن، —
دېدى.

ئادىل ياتىقىغا كېلىۋېتىپ «ھە، ئۆيگە بارماي ئەقىل-
لىق ئىش قىپتىمەن، مۇھەررىرنى يەنە بىر قېتىم مېھمان
قىلسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى

ھايت - ھۇيت دېگۈچە تەتىل تۈگەپ ئاسىم قايتىپ
كەلدى. ئۇ ئادىلغا خەت خالتا ئېلىپ كەلدى، ئادىل بۇلار-
نى يەپ ئۆيگە بارغاندەك راھەتلەندى. ئاسىم:

— خوش، شېئىرلىرىڭ ژۇرنالغا بېسىلدىمۇ؟ —
دەپ سورىدى.

— ھەي، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ئادىل، —
ژۇرنالنىڭ ئىككىنچى سانىغىمۇ بېسىلمىدى، مۇھەررىر
ئاكىدىن سورىسام «بۇ سانغا پاتماي قالدى، ئۈچىنچى سانغا
جەزمەن چىقىدۇ» دەيدۇ.

ئاسىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، بىردىن ئۇ مۇنداق دېدى:

— «قار چېچەكلىرى» دېگەن شېئىرىڭنى بەرگىنە، بىر كۆرۈپ باقاي.

ئادىل شېئىرلىرى كۆچۈرۈلگەن خاتىرە دەپتىرىنى بەردى.

ئىككىنچى مەۋسۇملۇق دەرس باشلاندى. بىر كۈنى ئاسىم ئىككى سان گېزىت كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئادىلنىڭ ئالدىغا يېيىپ قويدى، ئادىلنىڭ كۆزى «قار چېچەكلىرى» دېگەن ماۋزۇغا چۈشتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتتى، ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىقتى، شېئىر ئەينى بېرىلگەنىكەن لېكىن، ماۋزۇسى ئاستىغا ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلماي، باشقا بىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. ئاندىن ئۇ يەنە بىر سان گېزىتتىكى «تۈلكە بىلەن قوزا» دېگەن مەسەلنى ئوقۇپ چىقتى، ئاپتورنىڭ نامى «خەنجەر» ئىدى. مەسەلدە تۈلكىنىڭ قوزىنى ئالداپ يېگىنى تەسۋىرلەنگەندى.

— بۇ شېئىرىمنى بۇ گېزىتكە بەرمىگەنتىمغۇ؟

— ئەمما، ماڭا بەرگەنتىڭ!

ئارىدىن يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتتى، ئۈچىنچى سان ئەدەبىي ژۇرنالمۇ چىقتى، ئادىلنىڭ شېئىرلىرىنىڭ سايىسىمۇ يوق. لېكىن گېزىتتە ئۇنىڭ ئەدەبىي ژۇرنال يەتتە ئايدىن بېرى بەرمىگە تۆت پارچە شېئىرى بېسىلدى، ئادىل بىلەن ئاسىم پوچتىخانىدىن 117 سوم قەلەم ھەققى ئېلىپ چىقتى، ئاسىم:

— ئاداش، ژۇرنال مۇھەررىرىنى بۇ پۇل بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى قېتىم مېھمان قىلساق قانداق دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئەمدىچۇ قارا، — دەپ ئاسىم ئادىلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.
ئادىل كىشىنىڭ غىدىغىسى كەلگۈدەك كۈلۈۋەتتى:
— ھەي، سەت بولارمىكىن، - دېدى.
— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ، — دېدى ئاسىم، — ئۇ نەپسى بالاخورنى بىر ئوخشىتايلى.
ئۇلار مۇھەررىر بىلەن ئاشخانىغا كىرىشتى. ئاسىم تاڭجاڭغا بۇيرۇدى:
ئاۋۋال قورۇمىلار كېلىشكە باشلىدى، ئاسىم نۆۋىتىدە «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» دىن بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ مۇھەررىرگە سۇندى:
— مۇھەررىر ئاكا، بىز ئوقۇغۇچى، ھاراق ئىچمەيمىز، بىز پىۋا، سىز ھاراق ئىچىڭ. قېنى خوشە!
مۇھەررىر بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئاسىم ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھاراق قۇيۇپ، تاماق كەلگۈچە بوتۇلكىنى يېرىملىتىپ قويدى، ئادىل بىرىنچى - ئىستاكان پىۋىنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ قويۇپ قورۇمىلاردىن راسا يېدى، مۇھەررىر شىركەيپ بولۇپ ئېچىلدى:
— ئەكەل ئۇكا، بېلىق كۆزى، خوشە!
بوتۇلكا بوشىغاندا تەھرىر بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۇستەلگە قويدى. ئاسىم شۇ ھامان «تۇلكە بىلەن قوزا»، «قار چېچەكلىرى» بېسىلغان گېزىتلەرنى قاتلاپ مۇھەررىرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، ئاندى:
— ئادىل، مېنى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ساقلا، —

دېدى.

ئاسىم بىر ۋاراق قەغەزگە خەت پۈتتى:

بۇ هاراقنى راسا ئىچىپ،
مەست بولۇپ قالدىڭ.
ئالدامچىلىق يولىدا مېڭىپ،
پەس بولۇپ قالدىڭ.

خەتنىڭ ئاخىرىغا «بۇگۈنكى كاتتا زىياپىتىڭىزگە رەھمەت. پۇلنى رەنجىمەي تۆلىۋېتەرسىز، ئامان بولۇڭ» دەپ يازدى.

ئاسىم خەتنى مۇھەررىرنىڭ ئېچكىنىڭ ئاستىغا تىرەپ قويىدى.

1994 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇپ گۈزەل

## 1

ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مېيىتىنى قەبرىستانلىقتا ئېلىپ بارغۇچە، يەرلەپ بولۇپ قايتىپ كەلگۈچە ئىچىمدە خۇداغا نالە قىلىپ يىغلىدىم. ئۇ ئاتمىش تۆت يېشىدىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تولىسى ئۆزىگە ئوخشاش گۈزەل دوستىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلى دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئايالار ئۈچۈن ئېيتقاندا، گۈزەللىك ئۇلارنىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشىنىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ لېكىن، گۈزەللىكى ئۇنىڭغا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇ دۇنياغا بالدۇر، ئالدىراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدى. بۇ قانداق قىسمەت؟!

مەن ئىچىمدە يىغلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى دېگۈدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

## 2

1952 ـ يىلى، رامزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى، مەدرىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قايناپ كەت-

كەندى. ئۇ يەر ئىلىدىن تۇنجى قېتىم شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا بارىدىغان 200 ئوقۇغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىگە تولغانىدى. كىچىكى 15 ياش، چوڭى 26 ياشلىق بۇ ئوغۇل ـ قىزلار هاياجانلىناتتى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرى بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا مۇڭدىشاتتى، مەن دوستلىرىم بىلەن مۇڭدىشىۋېتىپ پات ـ پات ناغرىچى مەهەللىسى تەرەپكە قاراپ قوياتتىم، يۈك ـ تاقلىرىمىزنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئامان قالغان هەربىي ماشىنىلارغا بېسىپمۇ بولغانىدۇق. «ماڭا قارا» دېگەندەك تۇيۇلۇپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدىم، بىردىن پايپاسلاپ كېلىۋاتقان ئاپامنى كۆرۈپ قالدىم. «مېنى ئۇزاتقىلى بىچارە ئاپام كەپتۇ ـ دە» دېگەن خۇشاللىق ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۇم. مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچراشتۇق، ئۇنىڭ قولى خېمىر يۇقى ئىدى، ساڭزىغا خېمىر يۇغۇرۇپلا كەلگىنى ئېنىق!

— جېنىم بالام، داداڭ، ئاكاڭ ئىش بىلەن، سىڭلىڭ بىلەن ئىنىڭ مەكتەپكە كەتكەن، سېنى ئۇزاتقىلى ئالدىراپلا كەلدىم.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ ئاپا، بەك خوش بولدۇم.

— هېيتنى ئۆتكۈزۈپ ماڭساڭلار بولمامدۇ؟

— شۇنداق بولسا، هېيتلىغاچ بارلىق تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىۋالاردىم، ئامال قانچە . . .

مېنى چاقىرىشتى، مەن ئاپامغا تويماي قارىدىم ۋە:

— ماڭدىكەنمىز، خوش ئاپا، ئۆزۈڭنى ئاسرا، — دېدىم.

— خەت يېزىپ تۇرغىن، بالام!
ئاپام شۇنداق دەپ مېنى باغرىغا باستى، پېشانەمدىن سۆيدى ۋە ئاقيول تىلىدى. مەن ئاپامنى قېنىپ پۇرىۋال-دىم.

ساۋاقداشلىرىمىز بىر - بىرلەپ چىقىۋاتقان قارا ما-شىنا - يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ يېنىغا كېلىشىمگە يارى دېگەن شوپۇر يېنىمغا كېلىپ:
— سىېنى ئىشانخىنىكام ماڭا تاپشۇرغان، داداڭدەك ئۆلىمانىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا ھەددىم يوق، مېنىڭ ماشى-نامدا ئولتۇرە، — دېدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ توۋلىدى، — مەردانە يىگىتلەر، مېنىڭ ماشىنامغا چىقىڭلار، ئۇرۇمچىگە بىرىنچى بولۇپ ئاپىرىمەن.
بىرىنچى بولۇپ يارىكامىنىڭ ماشىنىسى مەكتەپ دەرۋا-زىسىدىن چىقتى، ئاپام خېمىر يۇقى قوللىرىنى پۇلاڭلى-تىپ قالدى. يۇكلىرىمىز ئاستىمىزدا، ھەممىمىز سۇكۇت-تە. ئىچىمدە «ئېھ ، تەكشى ئۆسكەن كۆكتېرەكلىرىم، تىنماي ماڭغان توپىلىق يوللىرىم، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلىرىم، خوش ئەمدى!» دەپ پىچىرلايمەن. تەلكە ئې-غىزىغا يېقىنلاپ قالغاندا، يارىكام ماشىنىسىنى يول چېتى-دىكى چىمەنلىكتە توختاتتى - دە:
— ماشىنىدىن چۈشۈپ، چىمەنلىكتە بىردەم پۇت - قولۇڭلارنى سوزۇۋېلىڭلار، — دەپ ماشىنىسىنى رېمونت قىلغىلى تۇردى.
بىز چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ ئېلى ناخشىلىرىنى ئېيت-تۇق، كەينىدە قالغان ماشىنىلار ناخشىمىزنىڭ بېلىگە تەپ-تى، ئۇ ماشىنىدىكىلەر:

— موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىقتىچە، — دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىپ، ۋارقىراش، ئىسقىرتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

لېۋىمىزنى چىشلەپ قالدۇق، ياركامنىڭ بوم ئاۋازى چىقتى:

— قېنى يىگىتلەر، ماشىنىغا چىقىڭلار! ئۇلاردىن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىمىز.

تەلكە ئىچىگە كىردۇق، بىز ئەتراپنى تاماشا قىلىپ كېتىۋاتاتتۇق، ئوڭ تەرىپىمىزدىكى بۈك - باراقسان ئالما - ئۆرۈكلۈكنى كۆرۈپ، خۇشال ۋارقىرىشىپ كەتتۇق:

— تاغ ئالمىسى، بۇ يەردىمۇ باغ بار ئىكەن.

ياركام ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ ماشىنىسىنى توختىتىپ دېدى:

— تەبىئىي باغدا بىر ئويناۋېلىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن باغ كۆرمەيسىلەر.

بىز تايچاقلاردەك يۈگۈردۇق، ئالما شاخلىرىغا چىقىپ، ئالما ئۈزدۇق، ئوغۇللار كۆينىكىمىزنى تاسما پوتا ئىچىگە كىرگۈزۈپ، قوينىمىزغا ئۈزگەن ئالمىلارنى سالدۇق، يېسەك ئاچچىق ئىكەن.

ماشىنىغا چىقىشىمىزغا ياركام ئوت ئالدۇردى. كەڭسايغا كەلگۈچە تۆت ماشىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بىز قوينىمىزدىكى ئالمىلارنى ھەر بىر ماشىنىدىن ئۆتكەندە، ساۋاقداشلارغا ئاتتۇق. گۆھەر بىلەن مۇكەش ئۈچىنچى ماشىنىدا كوزۇپقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتىكەن، مەن ئۇلارغا ئالمىنى ھاۋىلىتىپ چۆرۈپ بەردىم. قىلىقىمىزغا ئوغۇللار دوق قىلىشتى، قىزلار چىرقىراشتى. ئىگىز تاغلارنى قاپلىغان

قارىغاي، قىيىن، تاغ تېرىكى ۋە سۆگەت، ياپيېشىل ئوت - چۆپ، گۈللەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، بىردىنلا تەلكىنىڭ داۋىنىغا چىقىپ قالدۇق، ئالدىمىزدا خۇددى كۆك ئاسمان-دەك چايقىلىپ ياتقان ئاجايىپ گۈزەللىك نامايان بولدى. بۇ سايرام كۆلى ئىدى.

ياركام ھەممە ماشىنىلاردىن ئۆتۈپ كېتەتتىيۇ، ما-شىنىنى توختىتىپ، بىر يەرلىرىنى رېمونت قىلاتتى. مې-نىڭ يەنە باشقا ماشىنىلاردىن ئۆتۈپ كېتەتتى، بىز باشقا ماشىنىلارنى يانداپ ئۆتكەندە ماشىنا ئۈستىدىكىلەرگە ئال-ما، ئۆرۈك ئاتاتتۇق، شۇنداق شوخلۇقلار بىلەن بىز چىق-قان ماشىنا ئۈچىنچى كۈنى ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ، شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلفۇنونىنىڭ مەيدانىغا يېرىم كېچىدە يېتىپ باردى.

بىز ئوغۇللار 1937 - يىلى سېلىنىپ، دارىلمۇئەللى-مىن قىلىنغان قىزىل بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە ئورۇن-لاشتۇق. گۆھەر، مۇكەش قاتارلىق قىزلار ئىككىنچى قە-ۋىتىگە ئورۇنلاشتى، بىنانىڭ بىر ئىشىكىدىن چىققاچقا كۈندىلا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. بىزنى ھە دېگەن-دە، يېڭى بىنانىڭ قۇرۇلۇش ئەخلەتلىرىنى تازىلاشقا سال-دى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن قىزىل بىنا ئالدىدىكى مەيداندا تانسا قىزىپ كېتەتتى. بىر ئاخشىمى تانسا ئوينى-غانلارغا قاراپ تاماشا قىلىپ تۇرسام گۆھەر ئالدىمغا كەل-دى:

— كېلە، ساڭا تانسا ئۆگىتىپ قوياي، — دېدى ئۇ.

مەن تارتىنىپقىنا ئۇنىڭ زىلۋا بېلىنى، ئاپئاق، يۇم-

شاق قولىنى تۇتتۇم، گۆھەر ماڭا تانسا ئۆگىتىشكە باشلىدى:

— بىر - ئىككى - بىر! بىر - ئىككى - بىر.

ھودۇققىنىمدىن، بولۇپمۇ قىز بالىنىڭ بىلىنى بىرىنچى قېتىم تۇتقىنىمدىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى دەسسەپ سالاتتىم، ئۇ قاقشاپ كېتەتتى:

— ھوي سارالڭ، يۈزۈمگە قارىماي، پۇتۇڭغا قارا!

ئەتىسى كەچتە تانسا ئويناۋاتقان مەيدانغا بېرىشىمغا ئالدىمغا مۇكەش كەلدى:

— بىر مەھەللىگىكىمىز تانسىنى قانداق ئۆگەتتىكىن. كېلىڭ ئويناپ باقىلى.

مۇكەشمۇ گۆھەردىن قېلىشقۇسىز لەۋەن، چىرايلىق ئىدى. قاپقارا كۆزلىرى چوڭ، قارا قاشلىق، ئاق يۈزلۈك، زىلۋا بويلۇق بولۇپ گۆھەردىن سەل ئېگىزرەك، ئۇزۇن قوڭدۇز چاچلىق قىز ئىدى. يىگىتلەر ئۇنىڭغا قارىماي قالمايتتى، ئەمما ئۇنىڭغا بىر نىمە دېيىشكە پېتىنالمايتتى. بۇ ئىككى گۈزەلنى ئۇستاز تۇتۇپ، تانسىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئۆگىنىۋالدىم.

مەن ئالتە يېشىمدا، كالىنىڭ دوۋسىقىنى پۈۋدەپ ۋالىبول ئوينىغىنىمدىن بېرى ۋالىبول، پۇتبول ئويناپ كەلگەن، «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى» غا كەلگەندىن كېيىن شاخمات، بىلىيارت ئۆگەنگەنىدىم. تېخى ئوقۇش رەسمىي باشلانمىغاچقا، توپ، شاخمات دېگەنلەرنى ئويناش بىلەن بولۇپ كەتتىم. مەكتەپنى تازىلاپ بولۇشىمىزغا بىز خەنزۇچە ئۆگىنىشنى باشلىدۇق، ئۆگىنىشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتتە پۇتبول تېپەتتىم، ۋالىبول ئوي-

نايتتىم، كەچلىك تاماقتىن كېيىن قىزنىڭ بىنانىڭ ئالدى-
دىكى مەيداندا تانسا قىزىپ كېتەتتى، مەن گۆھەر بىلەن
مۆكەشنى — جۈپ گۈزەلنى ئىككى بېقىنىمغا ئېلىپ
ئولتۇراتتىم، تانسا باشلانغان هامان ئۇ ئىككىسىنى نۆۋەت
بىلەن تارتىپ تانسا ئوينايتتىم. بىز بىر يۇرت، بىر دېمەتلىك
بولغاچقا ئۇلار مەن بىلەن بىللە بولسا ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە
هېس قىلاتتى.

بىر كۈنى مەيداندا تانسا باشلىنىشىنى كۈتۈپ، جۈپ
گۈزەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم. بۇ يىل
بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىققا قالغانلارمۇ تانسا
ئويىنغىلى كېلىشتى، ئۇلاردىن ئابلىز دارازا دەيدىغان بى-
رى ئالدىمىزغا كېلىپ گۆھەرنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى.
گۆھەر تارتىنىپ، بېشىنى مېنىڭ دۈمبەم تەرەپكە قىلىۋال-
دى ۋە پىچىرلىدى:

— تېز قوپۇپ مېنى تانسىغا تارت.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تانسىغا تارتتىم.

— بۇ دارازا ماڭا يەۋەتكۈدەك قاراپلا يۈرۈيدۇ.

— ئۇ ئادەم يەيدىغان چىلبۆرە ئەمەستۇ، — دېدىم.

— نەق چىلبۆرىدەك قارايدۇ، ئاپام ماڭا سېنىڭدىن
ئايرىلماي يۈرۈشنى، كوچىغا چىققاندا، سېنى هەمراھ قى-
لىۋېلىشنى تاپىلىغان.

يەنە بىر قېتىمقى تانسىدا بىر چۆچەكلىك يىگىت توپ-
توغرا مۆكەشنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. مەن مۆكەش-
نى تەزىم بىلەن تانسىغا تارتىپ ئويناپ كەتتىم، گۆھەر:

— هوي ساراڭ، سەت بولىدۇ، — دېدى.

— مەن سېنىڭلا ئەمەس، مۆكەشنىڭمۇ مۇهاپىزەت -

چىسى، ــــ دېدىم.

مۇكەش ۋىلىقلاپ تاتلىق كۈلۈپ كەتتى. بىر ئايلىنىپ چىقىپ گۆھەرنى كۆزۈم بىلەن ئىزدىدىم، ئۇ «پومىدۇر» لەقىمىنى ئالغان سېمىز قىز بىلەن تانسا ئويناۋاتقانىكەن.

بىر ئاي ۋاقتىمىز ئەنە شۇنداق كۈندە بىرنەچچە سائەت خەنزۇچە ئۆگىنىش، تازىلىق قىلىش، توپ، بورت، ئاخ- شىمى تانسا ئويناش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بىر دارىلفۇنۇنغا كېلىپ بىر ئاي بولاي دېگەندە، يەنى توققۇزىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا قار چۈشۈپ، ياز بىلەن خوشلىشىشقا توغرا كەل- دى. سىنىپلارنى ئاقلاۋاتقان بولغاچقا خەنزۇچىنى مەيداندا ياكى يوللاردا پارتا قويۇپ ئۆگىنەتتۇق. قار چۈشكەندىن كېيىن، ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ، شىللىمىزنى قورۇشقا باشلىدى.

ئاخىر بىر كۈنى تانسا مەيدانىغا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن كەلگەن 400 ئوقۇغۇچىنى يىغىپ، سىنىپلارغا بۆلدى. مەن جۇپ گۈزەل بىلەن ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا بۆلۈندۈم، گەرچە كىچىكىمدىن ھېسابقا ئۇستا بولسامۇ، بۇ كەسىپتە ئوقۇغۇم يوق، بەلكى تارىخ كەسپىدە ئوقۇغۇم بار ئىدى. چۈنكى، تارىختا قىزىقاتتىم. شۇڭا، تارىخ ــ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا ئالماشتۇرۇپ قويساڭلار، دەپ بىر ھەپتە دېگۈدەك باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىغا قاتىرىدىم، ئاخىر ئالماشتىم. مېنى سىنىپتا بىر نەچچە كۈن كۆرەلمىگەن گۆھەر بىر كۈنى:

ــــ ساڭا نېمە بولدى، نەچچە كۈندىن بېرى دەرسكە كىرمەيۋاتىسەنغۇ؟ ــــ دەپ سورىدى تاماقخانىدىن چىقىۋې- تىپ.

— مەن ھازىر تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇ-
ۋاتىمەن.

— بىزنىڭ فاكۇلتېتتىن نېمىشكە چىقىۋالدىڭ؟

— سىلەرگە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىشتىن قېچىپ.

— ئوھوش، ھويغىنا بۇ چاقچىقىڭنى، زادى نېمە
بولدى؟

— كەيىنگگە كىرىۋالغان ئۆز ۋنتۇرا ئالگېبرانىڭ بىر
مەسىلىسىنى بىر نەچچە سائەتكىچە چۈشەندۈرەلمىسە، نېمە
قىلىمەن ئۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇپ؟ ئىلىم - پەن ئىگىلەيمەن،
دەپ ئاق قەغەزنى كۆتۈرۈپ چىققاندىن كۆرە ئۆزۈم قىزىقى-
دىغان پەننى ئوقۇماقچى بولدۇم.

— تارىخقا قىزىقامسەن؟

— شۇنداق، كەلگۈسىدە تارىخ مۇئەللىمى بولسام دەي-
مەن.

— ھەر ھالدا مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغاي-
سەن.

— ئەلۋەتتە.

ئەمەلىيەتتە، گۆھەر بىلەن ئەمەس، مۇكەش بىلەن
كۆپرەك ئارىلىشىپ قالدىم. ھېسامىدىن تانكا دېگەن تەن-
تەربىيە ئوقۇتقۇچىسى مۇكەش ئىككىمىزنى مەكتەپ ۋالې-
بول كوماندىسىغا تاللىغانىدى، بۇ كوماندىدا مىجەت دېگەن
بىر مەھەللىلىك ئاغىنەممۇ بار ئىدى. بىز ھەر كۈنى
سەھەر سائەت ئالتىدە قىزىل بىنانىڭ ئالدىدىكى مەيداندا
سىنىپ بويىچە تىزىلاتتۇق، ھېسامىدىنكام ۋالېبول كوماند-
دىسىدىكىلەرنى قىزىل بىنانىڭ شەرقىدىكى ۋالېبول مەيدا-
نىغا ئېلىپ بېرىپ يۈگۈرتەتتى، بىز مەيداننى نەچچە قېتىم

ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن گۈرۈپپىلارغا بۆلۈ-
نۈپ، زابوي ئۇرۇش، پاسلىشىش مەشىقى قىلاتتۇق. بىز
كۈنىگە ئالتە سائەت ئوقاتتۇق. دەم ئېلىشتا ئىككى
كوماندا بولۇپ سېتىكىدا ئويناتتۇق. گۆھەر بۇ ئويۇنى-
مىزنى كۈندە كۆرەتتى، بىرەر توپنى ئۇرۇپ چۈشۈرسەم
خۇشاللىقىدا سەكرەپ چاۋاك چېلىپ كېتەتتى.

## 3

ئوقۇش پۈتتۈردۇم، مېنى يەكەنگە تەقسىم قىلىشتى.
بىر كۈنى زاۋال ۋاقتىدا گەمە شەكلىدىكى ياتىقىمدا نەرسە ـ
كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇۋاتسام ئىشىك چېكىلدى، چىق-
تىم، گۆھەر ئىكەن، ئۇ:
ــ خوشلاشقىلى كىرگەنتىم، ــ دەپ ئاشخانا تەرەپكە
ماڭدى.
ئەگەشتىم، ئۇنىڭدا ئۈن ـ تۈن يوق، كۆزۈمگە ئۇ-
نىڭ ئاق چىرايى گەجدەك ئاقىرىپ كەتكەندەك بىلىندى.
نېمە دەيدىكىن، دەپ ئاغزىغا قارىدىم، ئالۇچا رەڭ ئويماق-
تەك لەۋلىرى ھىم يېپىلغان. ئاشخانا ئىچىگە كىردۇق،
ئوتتۇرىسى ئۈزۈن كارىدور، ئىككى تەرىپى ئوقۇغۇچىلار
تاماق يەيدىغان ئايرىم ئۆيلەر ئىدى، كارىدور گۇگۇم ئى-
دى. ئاخىر ئۇنىڭ تاتلىق لەۋلىرى ئېچىلدى:
ــ شۇنداق قىلىپ يەكەنگە كېتەمسەن؟
ئۇنىڭ ئاھاڭىدا ئەلەملىك نىدا بار ئىدى، ئۈچ كۈن
بۇرۇن ئازاد بىنا مەجلىس زالىدا خىزمەت تەقسىماتىمىز
ئېلان قىلىنىپ، گۆھەر بىلەن مۇكەش، مىجىت، ئەمىر-

دىنلەرنى ئۇرۇمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە، مېنى يە-
كەنگە بۆلگەنلىكى ئېلان قىلىنغانىدى.
— ھەئە، تەلىپىم ئورۇندالدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
ئارقىدا قالغان مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆز ھەس-
سەمنى قوشاي دەيمەن، — دېدىم كۆڭلۇمدىكى گەپنى قى-
لىپ.
— تەشكىلگە دەپ دەسلەپ تەقسىم قىلىنغان قىزلار
ئورتىــدا قالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى گۆھــەر سۆزۈمنى
بۆلۈپ، — بىز بىللە خۇشال - خۇرام ئىشلەردۇق ۋە
بەختلىك ئۆتەردۇق.
— مېنىڭ ئىلىم - پەن ئىگىلىشىم خەلقىم ئۈچۈن،
شۇڭا يەكەنگە بېرىپ، خەلقىمنىڭ پەن - مەدىنىيەت ئېڭى-
نى ئۆستۈرۈش - مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم.
— پاھ - پاھ، قالتىس ئاكتىپ بوپكېتىپسەن، بۇ
سېنىڭدىكى بىر رومانتىك تۇيغۇ، يالغان ئاكتىپلار «تەش-
كىل بىزنى ئەڭ ئېھتىياجلىق يەرگە تەقسىم قىلسۇن» دەپ
جارسالسا ئىشەندىڭمۇ؟ كۆرگەنسەن، ئاشۇ يالغان ئاكتىپ-
لار ئۈرۈمچىدە قالدى، غۇلجىغا تەقسىم قىلىندى، ھېلىمۇ
كېچىكمەيسەن، سېنىڭ ئورنۇڭغا تەقسىم قىلىنغان ئەمىر-
دىننىڭ ئورنىغا كەلگىن.
— ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن.
— مېنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ قىلالماسەن؟
— قىلالمايمەن.
— سېنىڭ تۇرمۇش ھېسسىياتىڭ تېخىچە ئويغانماپ-
تۇ، تېخىچە سەبىي بالا ھالىتىڭدە تۇرۇپسەن.
گۆھەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپتىن تېڭىرقاپ

تۇرۇپلا قالدىم، ئۇ ماڭا يۈزلەندى، شەھلا كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ، قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ راست ئېيتىمدۇ، ھېسسىياتىم ئويغانمىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى شۇ كەمگىچە سەزمەپتىمەن، يېقىنچىلىقلىرىنى بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ يۈرگەن ئادەتتىكى ساۋاقداشلىق دەپ بىلىپتىمەن. يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇ ماڭا تولىمۇ بىچارە كۆرۈنۈپ، گويا «مەن بىلەن بىللە ئىشلە، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ يالۋۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. نۇرغۇن ئوغۇللار گۆھەرگە ئاشىق بولۇشقان، سۆيگۈ خەتلىرى يېزىشقان، ئەمما ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىغانىدى، بۇنداق ئىشلارنى ئۇ مېنىڭدىن سىر تۇتمىغان، بىللە بولۇپ پاراڭلاشقاندا ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلاتتى؟ ئېنىقكى، ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆزىگە تەلەپ قويۇشۇمنى ئۈتۈنۈپ شۇنداق قىلاتتى. مەن نېمىشقا ئۇنىڭ مەقسىتىنى بۇرۇنراق سەزمىدىم، ئۇنىڭغا تەلەپ قويمىدىم؟ . . . ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ مۆكەشكە ئوخشاشلا چىرايلىق قىز ئىدى. پۇشايمان ئىچىدە:

— مەن، مەن مەڭگۈلۈككە كېتىۋاتىمەنغۇ، — دەپ سالغىنىمنى بىلمەيلا قالدىم.

— ئەمىسە قايتىپ كەل، مەن سېنى كۈتىمەن!

بۇ تاتلىق سۆز مېنى يەنە لەرزىگە سالدى، يىگىتلىكىم قوزغىلىپ، ئۇنى كۈچلۈك بىلەكلىرىم بىلەن قاتتىق قۇچاقلىدىم.

— ۋاي، قوۋۇرغىلىرىمنى سۇندۇرۇۋەتمىگىن.

ئۇنى ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈشكە باشلىدىم . . .



www.uyghurkitap.com

ياتىقىمغا كەلسەم ئەمىردىن ھېچىيىپ تۇرۇپ:
— سېنى بايىلا مۇكەش ئىزدەپ كەلدى، — دېدى.
ئۇندىمەي سەپەر تەييارلىقىنى قىلدىم.
ئۇستى برېزېنت بىلەن يېپىلغان قارا ماشىنىغا 22 كىشىنىڭ يۈكىنى بېسىپ بولۇشىمىزغا مۇكەش كېلىپ يېڭىمدىن تارتتى. قىزىل بىنانىڭ كەينى ۋە كۆن چىقىش تەرىپى باغچە ئىدى، بىز ئۇ يەردە دائىم ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايدىغان بەندىڭگە كېلىپ ئولتۇردۇق، مۇكەشمۇ گۆھەرگە ئوخشاش ئىستىھزالىق سۆزلەر بىلەن گۆھەرنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. مېنىڭ قېپقېلىشىمنى ئىلتىجا قىلىپ سۇركەلدى. ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:
— كەچۇرگىن، كېچىكتۇق. چۆچەكلىك يىگىت بىلەن بەختلىك ئۆتەرسەن، — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.
— ئەڭ بولمىغاندا سۈرىتىڭنى قالدۇرۇپ كەت!
تۆش يانچۇقۇمدىكى مەكتەپ كىنىشكىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا چاپلانغان سۈرەتنى سويۇپ بەردىم.
— بۇنىڭدىن باشقا سۈرەتكە چۈشمىگەنتىم.
— ماشىنا ماڭغىلىۋاتىدۇ، تېز بول، — گۆھەرنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ماشىنىغا يۈگۈردۈم.

## 4

سەپىرىمىز باشلانغان ھامان ماشىنا ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. پەقەت ماشىنىنىڭ ماتور ئاۋازىلا جىملىقنى بۇزۇپ تۇراتتى، ھەممىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن، كوزۇپقا

يۆلىنىپ ئولتۇرغان بەش قىزنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، بۇ كۆزلەردىن ئاققان ياش سىرغىپ مەڭزىلىرىدە قېتىپ قالغاندى. خىيال يىپلىرىم بىر جۈپ گۈزەل ئارىسىدا ئۈزەتتى، تۇنجى ھېسسىياتىمنى ئاخشام گۆھەر قوزغىدى، ئىككىنچى قېتىم مۇكەشنىڭ ئىلتىجاسى. مەن زادى قايسىسىنى ياقتۇرىمەن؟ ئاتا - ئانامنىڭ گۆھەرنى ياقتۇرىدىغىنى ئېنىق، مېنىڭ قاچان قايتىپ كېلىشىم نامەلۇم، پەقەت گۆھەرنىڭ تاتلىق لەۋلىرىلا مېنى ئۇرۇمچىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدۇ.

بىز پاقىدەك مېڭىپ يەتتە كۈندە قەشقەرگە باردۇق، يول بويى يەتتە ساۋاقداشنى قەدىمىي شەھەر كوچا، ئاقسۇلارغا تاشلىدۇق. قەشقەرگە بارساق روزى ھېيت راسا قىزىپ كېتىپتۇ، ھېيتكار ئالدىدىكى مەيداندا، ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيگەن ئەر - ئايال، قېرى - ياش، ئۆسمۈرلەر ھېيتكار جامەسىنىڭ ئۆگزىسىدە چېلىنىۋاتقان ناغرىغا ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتۇ. بىز بىللە ھېيت ئوينىدۇق.

سەپىرىمىزنىڭ 13 - كۈنى ئۆز ۋاقتىدا سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان يەكەن شەھىرىگە باردۇق، يەكەن شەھىرىدىلا شۇ چاغدا 300 مىڭ ئادەم بار ئىكەن. يەكەن دارىلمۇئەللىمىندە ئىشلەۋاتقان بىر يۇرتلۇقۇم جالالىدىن مېنى باشلاپ يۈرۈپ بۇ شەھەرنى سەيلە قىلدۇردى. بۇ شەھەر خارابە كۆرۈنىشمۇ قەدىمىي قەبرىستانلىقلار ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. مەن ئۆزۈمنى ئوتتۇرا ئەسىردە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

يەكەنگە بېرىپ تۆتىنچى كۈنى قاغىلىققا ماڭدۇق. يەكەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىز غۇلجىلىق بەش

ئىستۇدېنتنى بۇ ناھىيىدە قۇرۇلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپكە بىراقلا چىقاردى، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ئىسمايىل ئىسىملىك ئوقۇتقۇچىنى ۋاقىتلىق ئىلمىي مۇدىر قىلىپ يولغا سالدى.

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر گۈزەل باغچە بار ئىدى. ئۇنىڭ قارشىسىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بو-لۇپ، باغچە بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى كەڭ مەيدان ئىدى. بىز مانا شۇ مەكتەپنىڭ تار بىر ئېغىز ئۆيىدە سىغدىلىپ ياتتۇق. بۇ مەكتەپكە مائارىپ ئىدارىسى بەشىنچى سىنىپ-تىن تۆتىنى ئېچىپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئاساسىنى ياراتقاند-كەن، شۇ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن باللاردىن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا يەنە بەش سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇق. چۈشتىن ئاۋۋال باشلانغۇچ مەكتەپ، چۈشتىن كېيىن تولۇقسىز سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇدى. ئىك-كىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدا ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئېتىزلىقتا سالدۇرغان مەكتەپ بىنالىرىغا كۆچۈپ چىقتۇق.

مەن قاغىلىقتا كېلىپلا جۈپ گۈزەللەرگە خەت يازغاند-دىم. بىر ئايدىن كېيىن گۆھەردىن جاۋاب خەت كەلدى، مۇكەش خەتمۇ يېزىپ قويمىدى. ئىككىنچى خېتىمگە يېڭى مەكتەپ ئادرېسىنى يازمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ گۆھەردىن جا-ۋاب كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىرىمىز ئۆزئارا نامە-لۇم بولۇپ قالدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلار خىيالىمدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشكە باشلىدى، يەنى مەن ئۇلارنى ئانچە كۆپ ئويلاپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسمايىل مەك-

تەپنىڭ رەھبەرلىك ئىشىنى ماڭا يۈكلەپ، ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئالتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇمچىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلار كەلدى، كەلگەنلەر كۆرەڭ، يوغانچى، توڭ نېمىلەركەن. يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن 187 ئوقۇغۇچى بار ئىدى، بۇلار ئىچىدە ئېرى، بالىسى بارلار 50 تىن ئارتۇق ئىدى. ئىسمايىلنىڭ خوتۇنىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، مەن ئىلمىي مۇدىر بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم نەتىجىسى بويىچە بۆلدۇق، ئاندىن مەكتەپ ھەيئىتىنىڭ پىكرىنى ئالدۇق، ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئۆزگەرتىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلارغا بەردىم. ئۇلارغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن ئاداش ھۆرت - پۆرت دېۋىدى:

— بار ئوقۇغۇچىمىز مۇشۇ، ئالساڭلار مانا، ئالمىساڭلار قەشقەر، يەكەندىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا تەقسىم قىلىمىز، — دېدىم.

ئۇ غىڭ قىلالمىدى. 113 ئوقۇغۇچى ئالدى. قالغان ئوقۇغۇچىلارنى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، تېببىي تېخنىكوم ۋە يەكەن دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلدۇق.

بۇ ئىش تۈگەپ «ئۇھ» دېيىشىمگە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن مېنى چاقىردى. باردىم، باشلىق:

— سىلىنى يۆتكەش ئۇقتۇرۇشى، — دەپ بىر قەغەزنى بەردى.

ئېلىپ ئوقۇسام مائارىپ نازارىتى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىكەن، جىددىي تەييارلىق قىلدىم، ماي بايرىمىدا خوتەنگە بىر مەھەللىك ساۋاقدىشىمنىڭ تويى-

غا بارغاندىم. ئۇ يەردىن ئىككى پارچە گىلەم، شايى، ئەتلەس، قاشتېشى زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئېلىپ كەلگەندىم. شەھەردىكى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن يەتتىسىنى چاقىرتتىم، ئۇلار 500 ياڭاقنى چېقىپ، مېغىزىنى بىر خالتىغا سېلىپ بەردى. يېڭى تىكتۇرتكەن يوتقان - كۆرپەم، دەماللىققا ئىشلىتىدىغان كىتاپلىرىمنى بىر قىلىپ، پالازغا يۆگەپ باغلىدىم، 50 پارچىدىن ئارتۇق پەننىي، ئەدەبىي، تارىخىي كىتابلىرىمنى مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا سوۋغا سۇپىتىدە قالدۇردۇم. كونا ئورۇن - يوتقان، كىيىم ۋە جاۋۇر قاتارلىق نەرسىلىرىمنى سىنىپىمدىكى ئىككى يېتىم بالىغا بەردىم. بۇ يېتىملار ناھىيە بازىرىدىكى ساۋاقداشلىرىغا خەۋەر قىپتىكەن، ئون نەچچە ئوقۇغۇچى مېنى قاتناش بېكىتىدە يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويدى.

يەكەندە جالالىدىن كۈتۈۋالدى، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئىسمايىل يەكەندىكى قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى. ئۇلار مېنى شونداق قىزغىن كۈتۈۋالدى، مېھمان قىلدى. زىياپەتتىن كېيىن خەت يېزىپ تۇرۇشۇمنى تاپىلاپ ئۇزىتىپ قويدى.

يەكەن ۋىلايىتى شۇ يىلى ئەمەلدىن قېلىپ، ناھىيىگە ئايلانغان ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلگەنىدى، يۆتكىلىش رەسمىيىتىمنى ئۆتەش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىپ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باردىم. ئۇ يەردە رەسمىيەتلىرىمنى پۈتتۈرۈپ بەرگەن خادىم:

— ئەمدى كاسسىرغا كىرىپ، 300 يۈەن يول رەسخوتىنى ئېلىۋېلىڭلا، — دېدى.

— بۇ پۇلنى يېڭى قۇرۇلغان قاغىلىق ئوتتۇرا مەكتە-

پىگە تەقدىم قىلدىم، — دەپلا چىقىپ كەتتىم.

ئۇرۇمچىگە كېلىپ مىجىتنىڭ ياتىقىغا باردىم. بۇ يەردىكى دوستلىرىم مېنى بىر نەچچە كۈنگىچە كۈتتى. شەنبە كەچلىكى مائارىپ نازارىتىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تانسىغا باشلاپ باردى. نازارەتنىڭ ئوچۇق مەيدانىدا تانسا بولۇۋاتقا-نىكەن، چۆرىسىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇردۇق. تانسا ئويناۋاتقانلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم. تانسىغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى دارىلفۇنۇندا ئوقۇۋاتقانلار، تونۇشلار ئىدى. مۇ-كەش چۆچەكلىك يىگىت بىلەن ئويناۋاتاتتى، ئۇ مېنى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ۋىييەي، ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ، نېمە؟ — دې-گەن يۇمشاق ئاۋاز يېنىمدىلا ئاڭلاندى.

سول يېنىمغا قارىدىم. پاھ، بىر پەرىزاتنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئىنچىكە قەلەم قاشلىرى ئوقيادەك ئېگىلىپ، كې-يىك كۆزلىرى نۇر چېچىپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى قىزىل-گۈل ياپرىقىدەك يېپىلىپ تۇراتتى. جەزىبدار يۈزىنىڭ تېرىسى سۈتتەك ئاق ھەم سۇزۇك، ئىككى مەڭزى ئانارىدەك قىزىل ئىدى. ئېقىپ چۈشكەن قاڭشار بۇرنى ئاستىدىكى ئالۇچا رەڭ لەۋلەر ئېچىلىپ، ئۈنچىدەك سەدەپ چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى، ئىڭىكىنىڭ ئاستىدىكى زىننىقى ۋە بىر تال مېڭى ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. ئۇچىسىغا كىيگەن ئەت رەڭ كۆينىكى نازۇك بېلى، زىلۋا قەددى - قامىتىنى يارقىن كۆرسىتىپ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، ئۇنىڭغا «ھەرقانداق كى-يىم، ھەتتا ماتامۇ يارىشىدۇ» دېگەن خىيال كۆڭلۈمدىن كەچتى. دىمەك، قىز بالىنىڭ تولغان ۋاقتى 19 - 20

ياش ۋاقتىكەن ـ دە. ئۇنىڭ بۇ قەددى ـ قامىتىنى، گۈزەل رۇخسارىنى ئۇستا رەسساممۇ سىزىپ ئىپادىلىيەلمەس، ما-ڭا تىككەن شەھلا كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇرنى قەغەز يۈزى-گە چۈشۈرەلمەس! ئۇنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ، نېمىشقىدۇر يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ھاياجان ۋە ھودۇقۇش-تىن تىنچلىقمۇ سورىيالمىدىم.

— قاچان كەلدىڭىز، بارىمەن، دەپ خەتمۇ يازماي، ئوغرىلىقچە كەپسىز ـ دە؟ — ئۇنىڭ لەۋەن سۆزى مېنى ئېسىمگە كەلتۈردى.

— ھوي ـ ھوي، سىز گۆھەرمۇ؟ بۇرۇنقى گۆھەرگە زادىلا ئوخشىماي قاپسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ياتلارچە «سىز» دېگىنىگە يارىشا سىزلەپ، ـ تونۇغۇسىز چىرايلىق-لىشىپ كېتىپسىز، مەن بولسام تۇنۇگۈن كەلدىم.

— تەتىل قىپمۇ؟

— ياقەي، خىزمەت ئالمىشىپ.

ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىقلا ئەمەس، نازلىق چىق-تى:

— ۋاھ، ئەجەبمۇ ياخشى بوپتۇ، تەبرىكلەيمەن، — دەپ قولىنى سوزدى.

ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتكىم كەلمەي تۇراتتىم، يۈزۈر ياسانغان بىر يىگىت كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتتى، گۆھەر شەھلا كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، قارىسام يەنە بىر يىگىت كېلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ۋالىسقا پىرقىراپ كەتتىم، ئۇ شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتىكىن، خۇش تەبەس-سۇم بىلەن بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ ھۆزۈرلانغىنىنى ئىپا-دىلىدى، كېيىن بېشىنى ئالدىغا قىلىپ كۆزۈمگە تىكىل-

دى، ئۇ:
— گىلەم دوپپىڭىز بەك يارىشىپتۇ، — دېدى.
مەيداننى بىر ئايلىنىۋېتىپ، پىرقىراشنى توختاتتىم.
شۇندا مۇكەش ئالدىمىزدىن پىرقىرغىنىچە چىقىپ قالدى:
— ياخشىمۇسەن، قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى
ئۇ.
جاۋاب قىلغۇچە ئۈتۈشۈپ كەتتۇق، گۆھەرنىڭ قىزىل-
گۇلدەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايى تۇتۇلدى، ناۋاتتەك لەۋ-
لىرى پۇرۇشتى:
— مۇكەش ئەشۇ چۆچەكلىك بىلەن يۇرۇۋاتامدۇ؟
— شۇنداقمىكىنتاڭ.
— سىز بىلمەمسىزا؟!
— ئۇ ماڭا تۆھمەت - بالا چاپلىغاندىن بېرى بىلمەس
بوپقالدىم.
— ئۇ نىمىدەپ تۆھمەت قىلدى؟
— ياتاقتا بارغاندا دەپ بېرەي.
دوستلىرىمىز گۆھەر بىلەن ئانسا ئويناشتى. ئانسىدىن
كېيىن بىز مەكتەپكە قاراپ كەتتۇق، بارغۇچە ناخشا ئېيت-
تىشتۇق، گۆھەر مېنى قولتۇقلىۋالدى. سالقىن شامال
قەيەردىندۇر ئېلىپ كەلگەن خۇش پۇراق ھىد كۆڭلۈمگە
لەززەت بەردى. قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ قوروسىغا كىرگە-
نىمىزدىن كېيىن دوستلىرىم بىر - بىرلەپ خوشلىشىپ،
ياتاقلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. گۆھەر مېنى ياتىقىغا باشلى-
دى. ياتاقتا بىرلا كارىۋات قويۇلغانىدى.
— سىز بۇ ياتاقتا يالغۇز يېتىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدىم
سەل ئەجەبلىنىپ ۋە كېچىدە يالغۇز ياتىدىغان قىزنىڭ

ياتقىغا كىرىشنى ئەپسىز ھېس قىلىپ.

— بىر يىلدىن بېرى شۇنداق.

— قورقمىدىڭىزمۇ؟

— نېمىدىن قورقىمەن، خىزمەتداشلار قوشنا تۇرسا.

— مۇكەش ئىككىڭلار ئەجەب ئايرىلىپ كېتىپسىلەر-غۇ؟

— ئۇ بىر ھەسەتخور نېمىكەن ئەمەسمۇ!

— سىزگە ھەسەت قىلدىمۇ؟

— بىر دېمەك، — دېدى گۆھەر قاپىقىنى يىمىرىپ، — ئالدى بىلەن ياتاققا كىرىڭ، چاي ئىچكەچ ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئىپلاسلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرەي.

قوشماق ئالۇچىدەك يۇرگەن بۇ ئايرىلماس دوستلار-نىڭ نېمىگە ئارازلىشىپ قالغىنىنى بىلگۈم كەلدى. بوسۇ-غىدىن ئاتلىدىم. ئۆي ئىچى گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرات-تى. لامپۇچكىنىڭ سارغۇچ يورۇقىدا ئۆي تولىمۇ پاكىز كۆرۈندى. ئۆي ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى، بىر كىشىلىك ياغاچ كارىۋاتقا يېشىل گۈللۈك ئەدىيال يېپىل-غان، باش تەرىپىدە كەشتە بېسىلغان ئىككى ماموق تەكىي تىكلەكلىك تۇراتتى. شىرە چۆرىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك يا-غاچ ئورۇندۇقنىڭ بىرسىگە ئولتۇردۇم، گۆھەر بىر ئاق گۈللۈك پەرتۇقىنى تارتىپ ئىشكاپتىن توقاچ، تاتلىق - تۇرۇم ۋە تۇرپانىنىڭ كىشمىش ئۈزۈمىنى ئېلىپ، شىرەگە تىزدى، ئىككى يىللىق مۇساپىرچىلىق تۇرمۇشۇمدا مۇنداق ئائىلە ئىللىقلىقىنى كۆرمىگەنىدىم. پىيالىلەرگە گۈپۈل-دەپ پۇراپ تۇرغان پەمىل چاي قۇيۇپ ئۆزىمۇ ئولتۇردى. ئۆز ئۆيۈمدە ئولتۇرغاندەك راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ چاي

ئىچىشكە باشلىدىم. ئۇسسۇلۇقۇم قانغاندىن كېيىن ئۆزۈم يەپ ئولتۇرۇپ، گۆھەرنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە قارىدىم. خىلۋەت ـ تىنچ، چىرايلىق ئۆيدە بۇ گۈزەل جانانغا قاراپ ئولتۇرۇپ مەست بولدۇم. ئۇ ئېغىر ۋە يۇمشاق ئاۋازدا مۇكەش ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بوپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى.

## 5

— بىزنىڭ دوستلۇقىمىز غۇبارسىز، باللارچە سەممىي ئىدى. بىللە خىزمەت ئىشلەپ، بىر ياتاقتا يېتىپ بىر تۇغقان قېرىنداشتەك بوپكەتتۇق. كۆڭۈل ـ كۆكسىمىزدىكىنى دىلكەشلىك بىلەن تۆكۈپ سىرداشىپ يۈردۇق. مۇشۇنداق بىر ـ بىرىمىزگە خەيرخاھلىق قىلىشىمىز، بىر ـ بىرىمىزگە قايىل ـ مايىللىقىمىز، ياخشى نىيىتىمىز بىزنى تېخىمۇ جىپسىلاشتۇردى. مەكتەپ ئىچىدىلا ئەمەس، شەھەر بويىچىمۇ بىزنى بىلىدىغانلار «قوشماق دوستلار»، «جۈپ گۈزەللەر» دەپ يۈرۈشەتتى. بىزنى مىجەزى ئوچۇق، گۈزەل سۈپەت، ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ گۈزەل دەپ تەرىپلەشتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا مۇكەشنىڭ چىرايىدا خۇش تەبەسسۇم ياغاتتى، كۆزلىرى يېنىپ كېتەتتى، بولۇپمۇ يىگىتى تەكلىپ قويغاندىن كېيىن مۇشۇنداق تاتلىق، شېرىن گەپلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا تانسىلاردا يىگىتلەر يېپىلىپ تۇراتتى، ئۇمۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، قوڭغۇراقتەك زىل كۈلكىلىرى بىلەن يىگىتلەرنى جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ «گۈزەل» دېگەن

شۆھرىتى چىققانسىرى مىجەزىدە ئۆزگىرىشلەرمۇ بولدى.
ئۇ مېنىڭ بىلەن گۈزەل دېگەن نام ـ ئاتاقنى تالىشىش
دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، مېنىڭغۇ بۇنداق ئاتاققا پەرۋايىم
پەلەك؛ خىزمەتداشلار، ساۋاقداشلار ۋە مېنىڭ پىيىمگە
چۈشكەنلەر مېنى مۈكەشتىن چىرايلىق، خۇلق ـ مىجەزى
ياخشى، ئېغىر ـ بېسىق، تىلى يۇمشاق، ئەخلاق ـ پەزى-
لەتلىك دەپ تەرىپلەشتى. بۇ تەرىپلەشلەرنى ئاڭلىغان مۈ-
كەشنىڭ چىرايلىق چىرايى ئۆڭىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ كەلگەن خەتلەر كۆپەي-
دى. بۇ خەتلەرنى مۈكەش تالىشىپ ئوقاتتى ـ دە، چىرايى
تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ بىر قىسما بولۇپ كېتەت-
تى. ماڭا بولغان مۇئامىلىسىمۇ توڭلىشىپ، مەن گەپ
قىلسام تېرىكىدىغان بولدى. ھەممىنى قىلغان مۇشۇ خەت-
لەر، گۆھەر شۇنداق دەپ، شىرە تارتمىسىدىن بىر باغلام
كونۋېرتنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى. مەن بىرنەچچە پارچە
خەتكە كۆز يۈگۈرتتۈم، خەتلەردە مۇنداق تەرىپلەر بار ئى-
دى: «سىز دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل»، «ئاللا سىزنى
پەرىشتە سۈپەت قىلىپ ياراتقان»، «سىزنىڭ ئاھۇ كۆزلى-
رىڭىزگە ئۆمۈر بويى قاراپ ئولتۇرسام دەيمەن»، «مەن
سىزنىڭ ئەڭ بولمىغاندا قولياغلىقىڭىز بولسامچۇ»،
«سىزگە بولغان مۇھەببىتىم بۇلبۇلنىڭ گۈلنىڭ ئېچىلى-
شىغا بولغان تەشنالىقىدىنمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ»، «سىز
ئۆيۈمدە بولسىڭىز چىراغلارنى خىجىل قىلغۇدەك گۈزەل-
لىك نۇرى چاچاتتىڭىز»، «مېنى قۇل قىلىڭ، مەن لېۋى-
ڭىزنى كۆيدۈرىدىغان پىيالىڭىز بولاي ...» ۋاھاكازا...

خەتلەردىن كۆزۈمنى ئېلىپ گۆھەرگە تىكتىم. بۇ

ئىككى يىلدا ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى بوپ كەت-
كەندى! ئۇنىڭ مەن بۇرۇن سەپسالمىغان گۈزەل رۇخسا-
رى مەن كۆرگەن بارلىق گۈزەللەرنى يوققا چىقاردى، ئۇ-
نىڭغا مۇكەششىنىڭ گۈزەللىكى تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك ھېس
قىلدىم.

گۆھەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈتۈپ ئۆ-
رۈمچىدىن يەكەنگە مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەر-
نىڭ بىرى كەچتە ئاشخانىدا ئۇنى باغرىمغا بېسىپ سۆيۈۋال-
غىنىمنى ئەسلەپ قالدىم. شۇ ئاخشىمى ئارىمىزدا ئۇ ماڭا
تەلەپ قويغاندەك، مەن ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشكە ۋەدە
قىلغاندەك گەپ ـ سۆزلەر بولۇنغانىدى. ئۇ ھېلىمۇ مېنى
ياخشى كۆرىدىغاندەك ئۇنىڭ يۈرۈۋاتقان يىگىتى يوقتەك
قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويايمۇ؟ ئاشۇ چاغدىكىدەك
باغرىمغا بېسىپ سۆيەيمۇ؟ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇ-
راتتى. ئۆزۈمنى مىڭ تەستە تۇتۇۋالدىم. چۈنكى، ئۈرۈم-
چىگە قايتىپ كېلىش سەپىرىمدە تۇرمۇشۇم توغرىسىدا
كۆپ ئويلانغان، يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگە-
نىدىم. ئاپام ئاغرىقچان بولۇپ قالغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ
يېنىدا بولۇشۇم، ئاتا ـ ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم
كېرەك. گۆھەر مېنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن. ئەمما،
مېنى دەپ ئۆگىنىپ قالغان ئۈرۈمچىنى ـــ بۇ چوڭ
شەھەرنى تاشلاپ بىزنىڭ ئاشۇ شەھەرچىمىزگە كېتىشى
ناتايىن. مەن ئۇنچىقماسلىقنى ئەۋزەل كۆردۇم…

مېنىڭ نېمە خىياللاردا ئىكەنلىكىمنى بىلمىگەن گۆ-
ھەر دەردىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ـــ خەتلەرنى ئوقۇغان مۇكەش لەۋلىرىنى چىشلەيدە-

غان بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىدىغان، ئۇ تەنلىك ئاھاڭدا «پاھ - پاھ، دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل، بۇ ئاجايىپ ماختاشلارنى ئوقۇپ، مەنمۇ ساڭا ئاشىقى - بىقارار بولۇپ قالدىم» دەيدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشكە، سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ:

— ئوھوش بۇ خەقمۇ زە نەدىكى پەلىپەتىش گەپلەرنى يازىدىكەن دەيتتىم.

كېيىنچە ئۇ جامائەت سورۇنلىرىدا مېنىڭ شەنىمگە تېگىدىغان، ئەيىبىمنى ئاچىدىغان ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتتى: «ئۇنىڭ چېچى نېمىشكە شالاڭ، بىلەمسىلەر، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسى چاچسىز ياغاق - دە، بۇ تاز بېشىنى ئالتۇن تاغاقتا تارايدۇ، تېخى، ھا - ھا» «قولتۇقىنىڭ پۇرايدىغىنىچۇ، تېخى، يېنىدا ئولتۇرغىلى بولمايدۇ، شۇڭا دائىم ئەتىر چېچىپ يۈرۈيدۇ» «كۈنىگە چىشىنى نەچچە قېتىم يۇسىمۇ، يەنە ئاغزى سېسىق پۇرايدۇ ...» مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مېنى سۇندۇرىدىغان، يۈرىكىمنىڭ بېغىشىغا تېگىدىغان پىتنە - پاساتلارنى تېرىدى. بۇنىڭغا ئىشەنگەنلەرمۇ، ئىشەنمىگەنلەرمۇ بولدى. ئۇ، مېنىڭ بىلەن بىللە بىر ياتاقتا ياتقان، ئۇزاق ۋاقىت بىر سىنىپ، بىر پارتىدا بىللە ئولتۇرۇپ ئوقۇغان تۇرسا خەق ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالاتتىمۇ! ؟

ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى ماڭا قاتتىق ھار كەلدى، ئاچچىق ئەلەملەر ئوتىدا كۆيۈپ يۈردۈم، پۇچىلاندىم. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ يىغلايمەن، ياستۇقۇم كۆز يېشىم بىلەن يۇيۇلىدۇ. ئۇ نېمىشكە مۇشۇنداق پىتنە - پاساتلارنى تېرىيدۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ھەسەتخورلۇق تۇپەيلى ـ دە، — دېدىم گۆھەرگە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن.

— ئۇ دائىم مەندىن ئەيىب ـ ئىشەن ئىزدەپ، كۈرۈك توخۇدەك كوتۇلداپ چىشىمغا تېگىدىغان بولدى. كىشىلەر، خانىم ـ قىزلار ئالدىدا ماڭا بۇرۇنقىدەكلا خۇش مۇئامىلىدە بولاتتى. كۈلكىلىك گەپلەر قىلىپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كېتەتتى، بىراق مېنى تانىسىغا تارتقىلى كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا مەندىن بۇرۇن چىقىپ تانسا ئوينىشىمغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. مېنى ياتاقتا، مەكتەپتە گەپ بىلەن چېقىپ، زەھەر تىللىرى بىلەن نەشتىرىنى سانجىيتتى. مېنىڭ قەلبىمنى بىر قەۋەت تۇمان پەردىسى قاپلاپ، ئەندىشە ئىچىدە قالدىم.

— سىز كىشىلەر خېتىدە يازغىنىدەك گۈزەل، غۇبارسىز، دىيانەتلىك قىز، بىراق ياۋاشلىق قىپسىز، بىرنى دېسە ئىككىنى دېسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدىم مۇكەشىنىڭ قىلىقلىرىدىن يىرگىنىپ.

— ساۋاقداشلىق، دوستلۇقنىڭ يۈزىنى قىلدىم، — دېدى گۆھەر، — ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، مەن ئۇنىڭدەك يالغان ـ ياۋىداق، ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلىشنى بىلمەيمەن. ئۇنى ماڭا تۆھمەت قىلار دەپ قىلچە گۇمانلانمىغان، ئۇلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمدىن گۇمانلانمىغان.

— ئۇ، سىزنىڭ مۇشۇ ساددىلىقىڭىزدىن ئوبدان پايدىلىنىپتۇ.

— بىر دېمەڭ، ئەڭ يامىنى، ئەڭ يامىنى ...

گۆھەر شۇنداق دەپ تىترىدى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن سورىماي تۇرالمىدىم:

— نېمە بولدىڭىز، يەنە قانداق ئەسكىلىك قىلدى ئۇ؟

— ئۇ، ئۇ مېنى «ئوغرى» غا چىقاردى. مېنى «ئوغرى» دەپ پۈتكۈل شەھەرگە تارقاتتى.

گۆھەر شۇنداق دېدىيۇ، كۆزىدىن مونچاقتەك ياش تۆكۈلدى. ھەيران قالغىنىمدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى، ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ، بېشىنى سىلىغىنىمنى تۇيىماپتىمەن.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. ئېيتىڭا ئۇ نېمىشكە سىزنى «ئوغرى» دەپ گەپ تارقاتتى؟

گۆھەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ بايانىدىن مۇنۇلارنى بىلىۋالدىم: مۇكەش تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالار گۆھەرگە يۇقمىغاندىن كېيىن، مۇكەشنىڭ قەلبىدىكى ھەسەتخورلۇق يىلاندەك ۋىشىلداپ، بىر سۇيىقەستنى پىلانلاتقۇزدى. ئۇ تۆت يۈز يۈەنگە سېتىۋالغان شۋېتسارىيىنىڭ ئاياللار قول سائىتىنى شىرە ئۈستىگىلا تاشلاپ قويىدىغان بولۇۋالدى، ئادەتتە سائىتىنى يېتىش ۋاقتىدا كارىۋىتىنىڭ نەگىدۇر بىر يېرىگە تىقىپ قوياتتى. گۆھەرمۇ ئاخشىمى ياتقاندا سائىتىنى دائىم شىرەگە قويۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ سائىتىگە كۆز قىرىنىمۇ سالمايتتى. كۈنلەر ئۇچقاندەك ئۆتۈپ ئايمۇ ئۆتتى، بىر كۈنى ئەتىگەندە مۇكەش ئالاقزادە بولغان قىياپەتتە:

— ۋاي سائىتىم، سائىتىم يوقتۇ، قايسى ئوغرى ئالغاندۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ئوبدانراق قارا، ئۆيگە نەنىڭ ئوغرىسى كىرىدۇ، — دېدى گۆھەر. مۇكەش بۇ سائىتىنى بىر يىل پۇل يىغىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالغان، بۇ سائەت ئۇنىڭ ئالتە ئايلىق مائاشىغا كەلگەن. ئۇنىڭ يىگىتلەرنى ئەسىر قىلىپ كەلگەن چوڭ قارا كۆزى ئەمدى يەكچەشمە موماينىڭ كۆزىگە ئايلانغانىدى، ياتاق ئىـ چىنى ئىزدەپ، ئۇنى - بۇنى ئېلىپ ئاختۇرۇپ، ئۆينى بېشىغا كىيدى.

— ئەنسىزلىك قىلماي، ئولتۇرۇپ ئوبدانراق ئويلاپ باق، ئاۋۋال ناشتا قىلىۋال، — دېدى ناشتىلىق تەييارلا- ۋاتقان گۆھەر، — بەلكىم بىرەر يەرگە تىقىپ قويۇپ ئۇن- تۇغانسەن.

— ئۆز سائىتىمنى ئۆزۈم تىقىپ قويۇپ ئىزدەيدىغان ساراڭمىدىم.

— ئىلگىرى ھەر ئاخشىمى تىقىپ قوياتتىڭغۇ؟

— ماڭا قارىغىنا، سەن بۇ سائىتىمگە بەك قىزىقات- تىڭ، ئېپقويغان ياكى ئوينىشىپ تىقىپ قويغان بولساڭ بېرىۋەت.

— نېمە، مېنى ئوغرى دەۋاتامسەن!

— سەن ئوغرىلىمىساڭ كىم ئوغرىلايدۇ، بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بولمىسا؟

گۆھەرنىڭ ئاقسۇزۇك بەدىنىگە سوغۇق سۇ سېپىلگەن- دەك ئەندىكتى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، كۆزىدىكى نۇر ئۆچۈپ قاراڭغۇلاشتى، بۇ بەتنام ئۇنىڭ يۈرىكىگە زەھەر- لىك تىكەن بولۇپ سانجىلغاندەك بولدى. ئۇ لاسسىدە ئول- تۇرۇپ قالدى.

مۇكەش ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىپ، ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى ئويلانمايلا دېيىشكە باشلىدى:

— ھەئە، سەن، سەن گۈزەللىكتە، نامى چىققان ئوغرى! ...

ئۇنىڭ بۇ سەت ۋارقىرىشىنى ئاڭلىغان قوشنا ياتاقلاردىكى ئوغۇل - قىزلار دۈپۈرلىشىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىردە مۇكەشنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھاقارەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىسا، بىردە گۆھەرنىڭ قوزىدەك نالىسىنى ئاڭلىدى.

— شۇ كۈندىن باشلاپ بېشىمنى كۆتۈرەلمەي يۈرۈدۈم، — دېدى گۆھەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئاسمانغا چىقاي دېسەم، ئاسمان يىراق، يەرگە كىرەي دېسەم، يەر قاتتىق. ئۇ، بۇ بەتنامىنى خەلقئالەمگە يېيىپ تېخىمۇ يوغىناتتى. ياتىقىمغا كىرگەنلەر بۇ بەتنامىنى مەكتەپ، جەمئىيەتكە يايدى، بۇلار ئىچىدە جەمئىيەتتە بۇ تۆھمەتكە ئىشەنگۈچىلەرمۇ، ئىشەنمىگەنلەرمۇ بولدى. مەن ئىزا - ئاھانەتتىن ئۆلمىدىم، ئەمما ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشقاندىن بەكرەك ئازابلاندىم ...

گۆھەرنىڭ بولاق كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان ياش يىپى ئۈزۈلگەن مەرۋايىتتەك تۆكۈلگىلى تۇردى. خۇشخۇي، ئاددىي - ساددا يۇرۇيدىغان بۇ پاك قىزنىڭ بۇ ھالىتى ماڭا تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. «ئېھ، دۇنيا! سەن يالغان ئۈستىگە بەتنام - تۆھمەتكە تولغانمۇ، سەن بۇ ئاجىزەگە نېمانچىزا رەھىمسىزلىك قىلغانسەن! مەن ئۆزۈمنى دەرھال بېسىۋالدىم، گۆھەرگە تەسەللى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتىدىغان گەپلەرنى قىلدىم، بېسىلار ئەمەس، قولياغلىقىم بىلەن ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش تامچىلىرىنى ئېرتتىم ...

ئەتىسى ئاغىنەم مىجىتتىن گۆھەرگە قاتتىق ئەلەم بولغىنىنى، تېخىمۇ ئېغىر كەلگىنى يۇرۇۋاتقان يىگىتنىڭ «ئوغرى بىلەن توي قىلمايمەن» دەپ تاشلىۋەتكىنىنى ئاڭلىدىم.

— گۆھەر قاتتىق سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالدى، — دېدى مىجىت ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — گۆھەر شۇ كۈندىن باشلاپ ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان، تانسا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنى يىگىتلەرمۇ ئىزدىمەيدىغان، مۇھەببەت خەتلىرى يازمايدىغان بولدى، ئۇ دەرس ئۆتىدۇ، ئۆگىنىش - يىغىنلارغا قاتنىشىدۇ، ئەمما بىر ئېغىز پىكىر قىلمايدۇ، ئىشتىن چۈشۈپ ياتىقىغا كىرىپ كېتىدۇ، ئەتىسى خىزمەت ۋاقتىدا ئىشخانىسىدىلا كۆرىمىز، مۇكەش شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بەختىگە توپا چاچتى. بىز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سېنى كەلدى، يۇرۇڭ دەپ تانسىخانىغا باشلاپ بارغانىدۇق.

مەن گۆھەرنى غۇلجىغا يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆز ئىشىمغا ماڭدىم، گۆھەر «غۇلجىدىن ئىش تېپىپلاۋالسام يۆتكىلىپ كېتىمەن، ئۆز يۇرتۇمدا ئوغرى تۇرماق قاراقچى بولسامۇ مەيلى» دېگەن ئويدا ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىدە تۇرۇش قىيىن بولۇپ قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ مېنىڭ غۇلجىغا كېتىمەن دېگەن قەتئىي قارارىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «سەن غۇلجىغا كەتسەڭ، مەنمۇ غۇلجىغا كېتىمەن» دېگەن قارارغا كەلدىمىكىن، دەپ ئويلايتتىم، ئۇ مېنىڭدىن تېخى ئۈمىد ئۈزمىگەندەك قىلاتتى. لېكىن، يامان ئاتلىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن گەرچە مېنى يېقىن كۆرۈپ مۇڭدىشىپ، دەرد تۆككەن بولسىمۇ،

مەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى، ئىلگىرىكىدەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراشقا ئەمدى جۈرئەت قىلالمايتتى. مەن بولسام توي ئىشىمنى ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن ئۆيلىنىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم، شۇڭا ئۇ مېنىڭ توغرامدا «ئۇ ھېلىمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن» دېگەن خىيالغا كېلىپ، ئۈمىدلىنىپ قالمىسۇن، دېگەن ئويدا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمىدىم.

قارارىم بويىچە غۇلجىغا كېتىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن، شۇنچە يىلىنىساممۇ مائارىپ نازارىتى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى تەلىپىمنى رەت قىلىپ، يەنى ئۇرۇمچىدىن ھېچ يەرگە ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى، مەنمۇ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدىم. خەجلەيدىغان پۇلۇم تۈگەپ كەتكەنىدى، مائارىپ نازارىتىنىڭ كادىرلار باشقارمىسى ئىشخانىسى ئالدىغا ئىككى بەندىگنى جۈپلەپ قويۇپ، ئورۇن - كۆرپەمنى شۇنىڭغا سېلىپ يېتىپ يۈردۇم. باشلىق ئىشقا كېلىشىگە سوكۇدىشىپ ئىشخانىغا كىرەتتىم.

— مېنى غۇلجىغا يۆتكەپ قويسىڭىز، ئاپام ئېغىر ئاغرىقكەن، ئائىلە ئىقتىسادىمىز ناچار بولغاچ داۋالىنالمايۋېتىپتۇ.

— سىزنى غۇلجىغا ئەمەس، ئۇرۇمچىگە يۆتكەش ئۈچتۇرۇشى ئەۋەتكەنمىز، ئۇرۇمچىدە ئىشلىسىڭىز ئىستىقباللىڭىز بولىدۇ، يېڭىدىن سىفەن شۆيۈەن ئاچماقچىمىز، سىزدەك قابىل ئوقۇتقۇچىلار بەكمۇ كېرەك.

مەن يالۋۇرسام ئۇمۇ يالۋۇرىدۇ، مۇشۇنداق قىلىپ

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ كۈنلەردە مەن باشلىقنى راسا تېرىكتۈردۈم، ئاخىرى زېرىكتۈردۈم، ئۇ ئاخىر:

— خەير بوپتۇ، يامان نېمكەنسەن، كېيىن پۇشايمان قىلمىساڭلا بولىدۇغۇ، — دەپ رەسمىيىتىمنى ئۆتەپ بەردى. مەن سىلىنى قاغىلىقتا ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇشقا ھەسسە قوشقان دەپ، غۇلجىدىكى ئەڭ ياخشى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلاپ يازدىم.

خۇشاللىقىم ئىچ - ئىچىمگە پاتماي قالدى، باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپلا گىلەم دوپپامنى ئاسمانغا ئاتتىم. شۇ كۈنىلا ماشىنا بېلىتى ئالدىم. ئەتىسى غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتىم.

غۇلجىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلسام، گۆھەر يۆتكىلىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي، ئىلاجسىز ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

## 6

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىر شەنبە ئاخشىمى غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ھەربىيلەر كۇلۇبىنىڭ يازلىق تانسىخانىسىغا تانسا ئوينىغىلى بېرىپ، كۈتمىگەندە گۆھەرنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بىر ئەر بىلەن تانسا ئويناۋاتقانىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۇ ئەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ، ئالدىمغا كەلدى، ئۇنىڭ قورسىقى يوغىناپ قالغاندى. قىزغىن كۆرۈشتۇق، تانسا ئاياغلاشقۇچە ئوينىدۇق. ئۇ تانسىغا بەك ئۇستا ئىدى، تانسىدىن قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە مۇڭداشتۇق، ئۇ مېنى قولتۇقلىۋې-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىپ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى.
گۆھەر بەتنامنى ئۈنتالماي دىلى قاقشاپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدان بىلمىگەن، قورغاس ناھىيىسىدە ئىشلەيدىغان بىرىدىن چوڭ بىر ساۋاقدىشىمىز تەكلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار توي قىپتۇ ۋە گۆھەر قورغاسقا يۆتكىلىپ كەپتۇ. ئۇ ئېرىگە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. 1962 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى چېگرىنى ئېچىۋەتكەندە، نۇرغۇن ئادەم سوۋېتكە چىقىپ كەتكەنىدى. گۆھەرنىڭ ئېرى قورغاس ناھىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مەركىزى چىلپەنزىلىك بولغاچ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئەمما، گۆھەرنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ گۈزەل، مۇلايىم قىزىنى چەت ئەلگە چىقارتماي ئېپقاپتۇ. گۆھەرنىڭ ئېرى ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. گۆھەر تىكەندەك يالغۇز قالغاچقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئۈچۈن يېقىندا مىڭ بىر مۇشەققەتتە شەھەرگە يۆتكىلىپ كەپتۇ. گۆھەر ھەسرەتلىك نىدا بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى:
— ئۆرغاننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بولدى، قانداق قىلاي، تەتۈر پېشانىكەنمەن، ئۇلار كەتكەندە، قۇياش كەينىگە مېڭىۋاتقاندەك، ئالەم گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندەك تۇيۇلدى. مۇكەشنىڭ ھەسەتخورلۇق بەتناملىرى يۈرىكىمدىن ساقىت بولماي تۇرۇپ يەنە يېڭى دەردلەر قوشۇلدى. بۇ دەرد - ئەلەم مېنى گاراڭ قىلىپ قويدى.
ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدۇق، تولۇن ئاي گۈزەل رۇخسارىنى جاھانغا كۆرسىتىپ، ھەممە يەرنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئايدىن كۆزۈمنى ئېلىپ گۆھەرگە باق-

تىم، ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىمۇ تولۇن ئاي بىلەن بەسلەشكەندەك، يارقىن نۇر چېچىپ تۇراتتى، پەقەت چىرايلىق خۇمار كۆزلىرى غەمكىن كۆرۈنەتتى. مەن ۋەدە بىلەن خوشلاشتىم:

— دەرد ـ ئەلەملەر، قايغۇ ـ ھەسرەتلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، سىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئاجايىپ گۈزەل. تېخى سىزنىڭ ئۇن گۈلىڭىزنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىدى، غەمدىن خالاس بولۇپ ياشاڭ، غەم ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. خالىسىڭىز سىزنى كونسېرت ـ كىنو، تانسىلارغا ئاپىرىمەن.

دېگىنىم بويىچە شەنبە كۈنلىرى گۆھەرنى كىنو ـ تانسىلارغا باشلاپ بېرىپ كۆڭلىنى ئېچىپ يۈردۈم. بىر شەنبە ئۇنى چاقىرغىلى ئۆيىگە بارسام سىڭلىسى چىقىپ:

— ھەدەم يەڭگىپ قالغانىدى، — دېدى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟

— قىز ئىدى، چاچراپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، كۆپ ئەپسۇس، مېنى يوقلاپ كەپتىكەن، دەپ قويۇڭ.

قىزنىڭ ئۆلۈمى گۆھەرنىڭ يۈرىكىگە تۆتىنچى توقماق بولۇپ تەگدى، تەقدىر رەھىمسىزمۇ ياكى گۆھەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى كاجمۇ، بىلمىدىم. ئۇنىڭغا ئېغىر بەختسىزلىك كەينى ـ كەينىدىن كەلدى، گۆھەر بۇ بەختسىزلىكلەرنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ شۇ كۈندىن ئارتىپ تالا ـ تۈزگە چىقمىدى. كېيىنچە ئاۋىلەن دادىسى، ئاندىن ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتتى، بۇ خىل كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن بەتنام ـ تۆھمەتلەر، پىتنە ـ پاسات، ئايرىلىش دېغى ۋە مۇسىبەت-

لەر بىر گادىرماش تۇگۈن بولۇپ ئۇنىڭ مېڭىسىدە ۋولقان-
دەك قايىندى ۋە ئاخىر پارتلىدى. ئۇ، ئولتۇرغان يېرىدە
قىمىرلىماي، سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىمدىغان بولۇپ قال-
دى، «بىردە بالام» دەپ نىدا قىلسا بىردە «دادا، ئاپا،
قېنى سىلەر» دەپ نالە قىلاتتى. قولى ئىشقا بارماي، باغ
ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئارىلاپ گۈللەر يېنىدا توخ-
تاپ، ئۇزاق قاراپ كېتەتتى، گۈلگە قونغان ھەرىلەرنىڭ
غوڭۇلدىشى ئۇنىڭغا دەھشەتلىك بوران ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ
كېتەتتى، ئىككى قولىقىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ
قىسىپ، ھويلىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق يۈگۈرۈيتتى، ئاخىر
ئۇ ساراڭ بولۇپ قالدى.
ئۈچ يىلدىن كېيىن بىر بوز يىگىت گۆھەرنى ئەمرىگە
ئالدى، ئۇ گۆھەرنى ساپ قەلبى، سەمىمىي مۇھەببىتى
بىلەن ياخشى كۆرۈپ ئالغانىدى. ئۇنىڭ سەۋدايى بولۇپ
قالغىنىنى بىلەتتى، ئەلۋەتتە. يىگىتنىڭ ئاپىسى گۆھەر-
نىڭ چېيى، تامىقىنى تەييارلاپ ئالدىغا قويۇپ قىزغىن
كۈتتى. كېلىن قېينانىغا ئەمەس، قېينانا كېلىنگە خىز-
مەت قىلدى. بۇنىڭدىن گۆھەرنىڭ يېقىنلىرى «بۇ يىگىت
گۆھەرنىڭ مۇھەببىتىنى تولۇقلاپ، غەم - غۇسسىدىن خا-
لاس قىلار» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، گۆھەر يەنىلا ئوڭ-
شالمىدى. ئۇ بىر يىلدىن كېيىن ئوغۇل تۇغدى، بوۋاق
ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئاتىدى،
قېينانىلا ئەمەس، ئېرى بىلەنمۇ بىر پاي كارى بولمىدى.
بوۋاق ئىككى ياشقا كىرگەندە، گۆھەر ئوغلى بىلەنمۇ كارى
بولماي، كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان يېڭى قىلىق چىد-
قاردى. ئىككىنچى ئېرى ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۇنى

قويۇۋەتتى، گۆھەر بۇنىڭغا پىسەن قىلمىدى. ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىيۇ، قېرىنداشلىرى ئاجرىتىپ بەرگەن ئۆيدە ئولتۇرماي، يەنىلا قىزىنىڭ تۇپراق بېشىغا، مەھەللىسىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى. بىزنىڭ ئۆي ئۇ كۆپ كىرىدىغان ئۆيلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى، ماڭا تىكىلىپ مىيىقىدا تاتلىق كۈلدى ۋە دادامغا سالام قىلدى، دادام ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ كىرىپلا بۆشۈكتە كۈڭراپ ياتقان قىزىمغا قاراپ ماڭدى ۋە بۆشۈك يېنىدا ئولتۇردى، ئۇ ئېڭىشىپ:

ــ ۋاي قىزىم، ئاپئاق قىزىم، سېنى سېغىنىپ كەتتىم، ــ دەپ قىزىمنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى، قىزىم قورقتى بولغاي، يىغلىۋەتتى، رەپىقەم ھويلىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ بۆشۈكنى كۆتۈرۈپ ساراي ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى، گۆھەرنىڭ قاشلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى بۇزۇلۇپ «ئەنە، قىزىم كەتتى، ئەكەتتى، قىزىم ـ قىزىم» دېگىنىچە ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

گۆھەر شۇنىڭدىن كېيىن ساقايمىدى. ئۇرۇق ـ ئۇغقانلىرى ئۇنى شەھىرىمىزدىكى ئاتاقلىق دوختۇرلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ دىئاگنوزى ئوخشاشلا چىقتى.

ــ ياۋاش ساراڭكەن، ساقايمايدۇ!

ئۇ ياۋاش بىر جان ئىدى، ئەمدىزە ياۋاش ساراڭ بوپتۇ!

گۆھەر 21 ـ ئەسىر كىرگەندە، 64 يېشىدا ياۋاشلىق

بىلەن جان بەردى. ئۆلۈك سۈرلۈك بولىدىغۇ. ئەمما، گۆھەر قىز چېغىدىكى گۈزەل رۇخسارى بىلەن ياتاتتى. ئۇنىڭ كېيىك كۆزلىرىنى ئۇزۇن كىرپىكلىرى يېپىپ تۇراتتى، بۇ كىرپىكلەر ئارىسىدا ياش تامچىلىرى مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى ...

[General Information]
书名=天蓝色的衬衣　维吾尔文
SS号=40296264

www.uyghurkitap.com